# ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدە ئىشەنگۈسىز رىۋايەتلەر

ئېلېكترونلۇق كىتابقا ئايلاندۇرغۇچى: ئابرال

2007-ئاينىڭ3-ئاينىڭ8-كۈنى

## تۈزگۈچىدىن

كۆپتىن بىرى ئۇيغۇرچە مۇنازىرە مۇنبەرلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى، ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر كومپيۇتېرچىلىقى قاتارلىق ساھەلەردىكى نۇرغۇن مەزمۇنلارنىڭ ساقلىۋېلىش قىممىتى بار بولغاچقا، مۇشۇ مەزمۇنلارنى ئايرىم-ئايرىم تۈرگە يىغىنچاقلاپ، ھەربىرىنى ئايرىم-ئايرىم ئېلېكتىرونلۇق كىتاب قىلىپ ئىشلىسە بولغىدەك دەپ ئويلاپ كەلگەن ئىدىم. چۈنكى بۇنداق بولغاندا نۇرغۇن تورداشلار ۋاقتى قىس بولۇپ قىلىپ ئوقۇيالمىغان، مەزمۇنلارنى ئوقۇيالايدىغانلىقى ياكى بېسىپ چىقىرىشقا ئېھتىياجى چۈشكەن بولسا، بېسىپ چىقىرىپ ساقلاپ قويۇشقا تېخىمۇ قولاي بولىدىغانلىقىنى، ھەم بولمىغاندا تورغا چىقىش ئىمكانىيىتى يوق دوسلارغا كۆچۈرۈپ بېرىپ، ئۇيغۇر تارىخى توغرىسىدا ئازراق بولسىمۇ چۈشەنچىگە ئىگە قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يۈرەتتىم. شۇ ئارزۇنىڭ ئىستىكى بىلەن بۇ ئىشنى ئۆزۈم قىلىپ باقاي دەپ، تۇنجى بولۇپ بوستان مۇنبىرىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تارىخى دېگەن سەھىپە ئىچىدىن ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت بايانلارنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ، بۇ ئېلېكتىرونلۇق كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم. ئىككىنچى قېتىمدا ئورخۇن تارىخ مۇنبىرىدىكى بۇ ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدە ئىشەنگۈسىز رىۋايەتلەر دېگەن تېمىنى تاللاپ رەتلەش، تەھرىرلەش ئاساسىدا بۇ ئېلېكتىرونلۇق كىتابچىنى پۈتتۈردۈم. تورداشلارنىڭ ياقتۇرسا ساقلىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن

ھۆرمەت بىلەن: ئابرال

# ئۇيغۇر تارىخى- ئىشەنگۈسىز رىۋايەتلەر

يوللىغۇچى: Urdek

ئىنسان ئەقلىنىڭ ھازىرقى بىلىش قۇۋۋىتى بۇيىچە ئەيتقاندا يەر شارى 4 قېتىم گۇم بولۇپ بىز بەشىنچى قېتىملىق ئاپىرىدە قىلىنغانلىرىدىن ئىبارەتتۇرمىز. بىزلەرمۇ قاچان گۇم بولىمىز ۋە قانداق سەۋەپ بىلەن يوقۇلىمىز بۇكىيىنكى گەپ.

گىلوبۇسقا قاراپ باقسىلى، جەنۇبى ئامېرىكا قىتئەسى شەرقى قىرغىقى بىلەن غەربى ئافرىقا قىرغاقلىرى بىر ـبىرى بىلەن جىپسىلىشىدۇ،لېكىن شىمالى ئامېرىكا شەرقى قىرغىقى بىلەن ياۋرۇپا نىڭ غەربى قىرغاقلىرى ھەرگىزمۇ جىپسىلاشمايدۇ،خوش، شۇنداقلا شەرقى ئاسىيا قىرغاقلىرى بىلەن ئامېرىكىنىڭ غەربى قىرغاقلىرى تېخىمۇ جىپسىلاشمايدۇ، بۇ نېمىلىكتىن ؟ بۇنۇڭ بىز دىققەت قىلىپ كەتمىگەن بىرەر سەۋەپلىرى بارمۇ؟

يەنە بار،جۇغراپىيۇنلار ھىندى يېرىم ئارىلى ئايرىم بىر قۇرۇغلۇق ئىدى كېيىن شىمالغا سۇرۇلۇپ قىستاپ ئاسىيا قىتئەسى بىلەن بىرىكتى ۋە ھىلىمۇ شىمالغا قاراپ ھەر يىلى 1 ،2، سانتىمېتىر ئىلدامىلىق بىلەن سۇرۇلىۋاتىدۇ ،دېيىشمەكتە. بۇلار بىكاردىن بىكار چىقىرىلغان يەكۇنمۇ ھەم ھېچقانداق سەۋەبى يوق پاكىتمۇ؟ ئەسلىدە ياۋرۇپا قۇرۇغلۇغى بىلەن شىمالى ئامېرىكا قۇرۇغلۇغى ئوتتۇرىسىدا كۆلىمى تەخمىنەن 10 مىللىيون كۇۋادرات كىلومېتىرلىق بىر چوڭ زېمىن بولغان ئۇنى ( ئاتلانتىس ) قۇرۇغلۇغى دەپ ئاتىشىدۇ.ھازىر ئۇ زېمىن يەر يۈزىدە مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت ( ئازورزىس ئاراللىرى) لا بار ،ھېلىقى چوڭ زېمىننىڭ پەقەت مۇشۇنچىلىكلا قالدۇغى ئاتلانتىك ئوكيان ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپتۇ.

ئەندى يەر شارىمىزنىڭ شەرىق تەرىپىگە نەزەر ئاغدۇرۇپ باقىلى،ھازىرقى خەرىتىگە قارىساق پايانسىز سۇ ۋە چوخچۇيۇپ تۇرغان بىر مۇنچە ئاراللارنى كۆرىمىز،ئەنە شۇ ئاراللار ئورنىدا بۇندىن 11500 يىللار ئىلگىرى ، بىزدىن ئىلگىرىكى ھاياتلىق ياشىغان4-يارالمىش دەۋرىدىكى ھاياتلىقنىڭ ماكانى بولمىش (مو) قۇرۇغلۇغى مەۋجۇت ئىدى!ئۇنىڭ دائىرىسى ئامىرىكا قىتئەسىنىڭ غەربى دىڭىز ساھىللىرىدىن تارتىپ ئاسىيانىڭ شەرقى قىرغاقلىرىغىچە،شىمالدىن ھاۋاي ئاراللىرىدىن باشلاپ جەنۇپتا مىلانىزىيە ئاراللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئىلىپ تاكى ئاۋىستىرالىيەنىڭ شىمالىغىچە سوزۇلۇپ ياتاتتى. مانا بۇ ( ئەۋۋىلى زىمىن دەپ ئاتالغان )مو قۇرۇغلۇغىدۇر.

ھىچكىممۇ كۆز يۇمالمايدىغان بىر پاكىت بار ،ئۇ بولسىمۇ (توپان بالاسى). مۇشۇ توپان بالاسىغا تارىخچىلار11500 يىل بولدى دەيدۇ،شۇندىاقلا ( ئاتلانتىس ( قۇرۇغلۇغىنىڭ چۆكۈپ كەتكەن ۋاقتىمۇ 11500 يىل،قىززىقارلىغى شۇكى 4-قىتىملىق ئىنسانىنىڭ ئاپىرىدىگاھى بولمىش ئەۋۋەلى زىمىن ( مو) قۇرۇغلۇغىنىڭ چۆكۈپ كەتكەن ۋاختىمۇ يەنىلا 11500 يىل دىيىلىشۋاتىدۇ.

بۇيەردە 3 خىل ھالاكەتلىك تارىخ نىڭ دەۋرى پەقەت بىرلا ۋاقىتنى كۆرسۈتۈپ تۇرۇپتۇ!بۇنى نىمە دەيمىز؟

پەقەت بىرلا سەۋەپ - غايەت زور مىتورىت ئەۋۋىلى زىمىن (مو) قۇرۇغلۇقىغا ئۇرۇلغان!نەتىجىدە ۋولقانمۇ،نەچچە ئايلار داۋام قىلغان ئىس-تۈتەكمۇ،ئالەمنى بىر ئالغان (توپان)بالاسىمۇ بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ( ئاتلانتىس) ، ئەۋۋىلى زىمىن (مو) ،64 مىليون ئىنسان توپى،ھەممە -ھەممىسى سۇ ئاستىغا غەرىق بولغان.،شۇنىڭ بىلەن 4- قىتىملىق ھاياتلىق دەۋرى ئاخىرلىشىپ 5-قىتىملىق ھازىرقى ھاياتلىق دەۋرى باشلاندى.

ئالدىنقى بايانىمىزدا ئومۇمى ئەھۋالاتنى بىر قۇر سۈرەتلەپ بەردۇق،ئەندى ئەۋۋىلى زىمىن-(مو) قۇرۇغلۇغى ھەققىدە توختالمىساق بولمىغۇدەك،چۈنكى ھىكايىمىزنىڭ بىشى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ.

ئەۋۋىلى زىمىن دىيىلىشىدىكى سەۋەپ شۇكى-4- قىتىملىق ئىنسان تۈركۈمىنىڭ پەيدا بولغان يىرىنى كۆزدە تۇتۇپ مۇشۇ ئىبارە قوللىنىلغان.ئۇ يەردىن ياسىلىپ ، پۈشۈرۈلۈپ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغاتوشۇپ ئاپىرىلغان (نائاكاللار)--يەنى لاي تاختىغا يىزىلىپ ئالاھىدە ئۇسۇلدا پىشۇرۇلغان تاش تاختىلار---دىكى مەزمۇنلارغا كۆرە (مو) دىكى ئىنسان ھاياتلىقىنى 400 مىڭ يىلغىچە ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدىكەن،ئەمما نىسبەتەن ئىنىغىراغى 200 مىڭيىلنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن.

ئەۋۋىلى زىمىن (مو) ئىگىز تاغلىرى يوق،تۈپتۈز كەتكەن ، قىش بولماس ،يامغۇر-يىشىنلىك جەمئى 3 پارچە زىمىندىن تەركىپ تاپقان قۇرۇغلۇق. ئۇنى ،بىرسى كەڭ يەنە بىرسى تارراق-بەزى يەرلىرى تىنىپ قالاي دىگەن 2 ئۇزۇنچاق دىڭىز ئايرىپ تۇرىدۇ. زىمىن ئۈستىدە 7 لىك سانغا ئىشارە قىلىپ 7 چوڭ شەھەر قۇرۇلغان،بۇ 7 چوڭ شەھەرنى ۋە يەنە نۇرغۇن ئۇششاق-كىچىك شەھەر-يىزىلارنى تۇتاشتۇرۇپ ئۇمۇچۇك تورى ئىلھامىدىن ئۈرنەك ئىلىپ ياسالغان غايەت چوڭ تاشيول تورى ياسالغان .

ھەرقانداق قۇرۇلۇش ئاساسەن تاش قۇرۇلمىلىق،شۇنداقلا بىزدەۋاتقان ھىلىقى تاشيوللارمۇ ئەلبەتتە تاش قۇرۇلمىلىق.( بۇيەردە نىمىشقا تاشتىن ياسالغان دىمەيمىز؟ چۈنكى ئۇ كىشلەر شۇنچىلىك كامالەتكە يەتكەنكى ئۇلار تاشنى تاغدىن كولاپ ئەمەس بەلكىم بىز سىمونتنى ئارىلاشتۇرۇپ قاتۇرۇپ ئىشلەتكەندەك تاش قۇرۇلمىلىرىنى شۇنداق ياساشقان) ئۇلار (ۋىمان) دەپ

ئاتىلىدىغان ئۇچارلىرى بىلەن ھەممە يەرنى كېزىپ چىقالىغان، ئۈزلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدا ياساشقان غايەت چوڭ ئۇچقۇر كېمىلىرى بىلەن جەنۇبى ئوكيان ۋە شىمالى ئوكيانلارنى كېزىپ چىقالىغان( بىلىش كېرەككى ئۇچاغدا - تىچ ئوكيان - يوق ئىدى!)ھەتتا ھىندىستان قۇرۇغلۇقىغا بويسۇنماي قارشىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاتوم بومبىسى ئاتقان.

ئۇ يەردە ئون مىللەتكە تەۋە جەمئى 64 مىليون نوپۇس بار ئىدى،بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاق تەنلىكلەر مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەيتتى،مۇشۇ مىللەتلەرنىڭ ئەڭ ئاۋانگارتى شۇنداقلا كۈپ سانلىقنى ئىگەللەيدىغىنى(ئۇيغۇر) دىگەن خەلق ئىدى .

بۇ (ئۇيغۇر) دىگەن خەلق ئەۋۋىلى زىمىن ( مو) دىكى چىغىدىلا ھاكىمىيەتتە ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى،ئۇلار 100 مىڭ يىل ئىلگىرىلا كۈچۈشكە باشلىغان،چۈنكى دانىشمەن -ئالىملارنىڭ ھىساپلىشىچە (مو) قۇرۇغلۇغى بىر دەۋىردىن كيىن ھالاكەتكە ئۇچرايتتى.ئەينى چاغدا كۈچۈش ئۈچۈن ئەڭ قولايلىق 3 يول بار ئىدى بىرسى (مو) دىن شەرىققە قاراپ مىكسىكىدىن ئۈتۈپ ( ئاتلانتىس) قۇرۇغلۇقىغا بىرىش ۋە ئۇ يەردىن تىخمۇ شەرىققە ئىلگىرىلەپ سەھرايى كەبىر گە بىرىش.( ئۇ زاماندا سەھرايى كەبىر گۈل-گۈلۈستان زىمىن ئىدى )ئىككىنجىسى بىرما يولىنى بويلاپ ئىران ۋە بابىلونغا بىرىش،ئۈچۈنجىسى ياپۇن- سىرىق دىڭىز نى بويلاپ مانجۇرىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا بىرىش.

كۈچكەن ئۇيغۇرلار مۇشۇ ئاخىرىدا قەيت قىلىنغان 3- يولنى تاللىۋالغان،چۈنكى بۇ يول بىلەن ئىنتايىن كەڭ زىمىنغا ئۇلاشقىلى بولاتتى.

شۇنداققىلىپ كۈچمەنلەر 3 يۈنۈلۈشنى بويلاپ ئۈز نىشانلىرىغا يەتتى، ئەندىقالغان خەلقنىڭ تەغدىرى قانداق بولدى؟

ئاپەت بىر قىتىمدىلا يۈز بەرمىدى ،بەلكىم بىر نەچچە قىتىم ئۈزنى كۆرسەتتى، دەستلەپتە ئىنتايىن كۈچلۈك دېڭىز تاشقىنى يۈز بېرىپ ئەۋۋىلى زىمىن (مو) قۇرۇغلۇغىنىڭ جەنۇبى تەرەپلىرى ئاسمانۇ-پەلەك يوپۇرۇلۇپ كەلگەن سۇ ئاستىدا قالدى، زىمىن چايقالدى، تەۋرىدى، كىيىن تىنچىدى، كىشىلەر شەھەرلىرىنى دېڭىز تۈپىلىكلەرگە سىلىشىپ تىخمۇ ئىگىز قورغانلار بىلەن قورشىدى.. لىكىن ساۋاق ئېلىشمىدى، زىمىنىمىزبەرقارار، مۇستەھكەم، ئاپەت ئۆتۈپ كەتتى، دەپقاراشتى، ئالىم ئۆلىمالارنىڭ شەرىق ۋە غەربىپ تامان كۆچۈش ھەققىدىكى تەكلىپ-پىكىرلىرىگە ئىرەن قىلىشمىدى.ھۆكۈمەت باشباشتاقچىلىق ئالدىدا ئاجىز قالدى، شۇنۇڭ بىلەن كەلگۈسىنى كۆزدە تۇتۇپ ھەرخىل ئىلىملەر ھەققىدە شۇنداقلا بىسىپ كىلىۋاتقان ئاپەت ھەققىدە يازمىلار يىزىپ ئۇنى لاي تاختىلارغا كۆچۈرۈپ ئالاھىدە ئۇسۇلدا پۈشۈرۈپ نۇرغۇن تەرەپلەرگە يوللاپ ساخلاشنىئورۇنلاشتۇردى، ئاساسەن ھازىرىق مىكسىكا، مىسىر -بابىلون، ۋە ھازىرقى مۇڭغۇل دالاسىدىكى قارا بالغاسۇن شەھەرلىرىگە يۇتكىدى .

كىيىنكى قىتىملىق زەربە ئىنتايىن دەھشەتلىك بولدى، يەنى زىمىن ئاسماندىن پەستكە تاشلىغاندەك سۇ ئاستىغا توغرىراغى يەر ئاستى -ۋولقان چوغ ئىچىگە غەرىق بولدى !

شۇنۇڭ بىلەن شانلىق مەدەنىيەت يارتقان بۇ زىمىن، ئىنسانىنىڭ كىيىنكى ئاپىرىدىگاھى بولغان بۈيۈك(مو) قۇرۇغلۇغى يەر يۈزىدىن يوقالدى.!

ناھايىتىئاز ساندىكى كىشلەر ئامان قالدى، ئۇلار ھازىر نەدە؟

مىلانىزىيە ئاراللىرىدا ھىلىمۇ ياۋايى ھالەتتەبولسىمۇ ساخلىنىپ قالدى، ئۇلارنىڭ بىشىغا كەلگەن پاجىئەنى ئىتىپ-يىزىپ بولمايدۇ.چۈنكى چوڭ قۇرۇغلۇق زىمىن ئاستىغاچۈكتى، يوقالدى، پارچە-پۇرات ئاراللارلا قالدى، يىقىنراقلىرى ئۈزۈپ بارالىدى،

قالغانلىرى پايانسىز ئوچۇق دىڭىزدا ئۈلۈمگە يۈزلەندى،ئاراللارغا ئۈزۈپ بارالىغانلىرىمۇئاچلىقنىڭ دەردىنى تارتىشتى،يىگۈدەك ھىچنىمە يوق،دەستلەپ سۇدا لەيلەپ يۈرگەن ئۈلۈكلەرنى يىيىشتى،كىيىنئۇمۇ تۈگەپ قىرى چۈرىلىرىنى يىيىشتى،ئاخىرىدا بىر -بىرىنى يىيىشتى ، شۇنۇڭ بىلەن ئادەم گۈشى يىيىش ئۈلارنىڭ پىشانىسىغا يىزىلغان تەغدىر بولۇپ قالدى،تا ھازىرغىچىمۇ تەمنى تامشىپ قويۇدىغان مىلانىزىيلىكلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ.

بايام بىز ھازىرقى موڭغۇل دالاسىدىكى قارا بالغاسۇن شەھرىنى تىلغا ئىلىپ ئۈتتۇق،ئۇچاغلاردا بۇ يەر ھازىرقىدەك چۆل ،تاش-شىخىللىق يەر ئەمەس ئىدى، ئۇ بىر جەننەتدىن نىشان بىرىدىغان سۇلۇق، قىش پەسلى ئىللىق يازى نەمخۇش ماكان ئىدى ئۇ يەرلەردە ئىسسىق ئىقلىمغا كۈنگەن مامۇنىت(ھازىرقى پىللارنىڭ ئەجدادى) لار ياشايتتى.دەل-دەرەخ، سۇ ،كۆزيەتكۈسىز يىشىل دالا بۇ يەرنىڭ ئەسلى تەبىئتى ئىدى.

يىڭى ماكانغا كۈچۈپ كىلىشكەن ئۇيغۇرلار 18مىڭ يىلغىچە ئانا زىمىن (مو) بىلەن بىردەكلىكنى ساخلاشتى،چۈنكى بۇلارنىڭ ئۇ يەردىكى مەنپەئەتى،ھەزارىتى، تىلى چوڭقۇر ھەمجەھەتلىككە ئىگە ئىدى،قاچانىكى ئۇ ئانا زىمىن (مو) ئاپەتكە يۈزلىنىشكە باشلىدى شۇندىن بۇيان ئۇ يەردە تىنىچسىزلىق ئادەتكە ئايلانغان ئىدى،سەۋەپ: بىرىنجىدىن ئاپەت دەۋرەپ كەلگەنلىگى،ئىككىنجىدىن ئاساسلىق مىللەت بولغان ئۇيغۇرلار يىڭى زىمىنغا كۈچۈپ كەتكەن،ئۇچۈنجىدىن ئۇ يەردە قالغان مىللەتلەر ئۈز-ئارا پىتىشماسلىق پاتقىقىغا پىتىپ قىلىشقان. پەقەت مۇشۇ چاغدىلا ئىلگىرى يۈكسەك ئاۋتونومىيەگە ئىگە بولغان ئۇيغۇرلار ئەندىلىكتە مۇستەقىل (كۈن ئىمپىرىيىسى) نى قۇرۇشتى، ئىمپىرىيىنىڭ زىمنى شەرىقتە ياپۇنىيگىچە،غەربى شىمالدا تاكى سكاندىنوۋىيگىچە، غەربى جەنۇپتا ئافنانى

ئۇز ئىچىگە ئېلىپ ،ئاناتولىيە ۋە بابىلوننى شىمالدىن ئەگىپ ئۆتۈپ ئىراننى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ پۈتكۈل ھىندىستان ،بىرما ۋە فىلىپپىنلار بۇ دائىرە ئىچىگە كىرەتتى. مۇشۇنچىۋىلا كەڭ زېمىن (كۇن ئىمپىرىيىسى) گە تەئەللۇق ئىدى..

مەركىزى شەھىرى ھازىرقى قارا بالغاسۇن شەھىرى خارابىسىنىڭ شەرقىگە 9 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە،شەھەر دائىرىسى 25 كۋادىرات كىلومېتىرلىق ئورۇننى ئىگەللىگەن.ھېچقانداق سېپىل-قورۇق يوق،ئاھالىسى پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلار،.شەھەر-ئىمارەتلىرى يەنىلا تاش قۇرۇلمىلىق،ئېگىلىگى يۇقۇرى دەرىجىدە تەرەققى قىلغان. ئۇلار ناھايىتى ئۇزاق دەۋىرگىچە شانۇ- شەۋكەتلىك ئىمپىرىيىسىنى رىۋاجلاندۇرغان ۋە مۇستەھكەملىگەن.غەرپتە ئاتلانتىس ئېلى بىلەن بابىل ۋە كىچىك ئاسىيە ئىگىدارلىغى ئۈچۈن پات-پات سۈركۈلىشىپ قالاتتى.ھىندىستاندىكى دىراۋىدلارنىڭ ئەجدادلىرىمۇ كۈچى يەتمىسىمۇ توپىلاڭ قىلىپ قوياتتى.

مانا مۇشۇنداق ئاسايىشلىق ئىچىدە 70 مىڭ يىل ئۆتتى.زامان چۆگىلەپ دەۋرىمىزدىن ئىلگىرىكى 11500 يىل ئاۋالقى مۇھلەتكە يېقىنلاشتى.

مۇشۇ قاغىش تەككۈر 11500- يىل يەر شارىنىڭ ئاپەت قايىنىمىغا شۇڭغىغان دەۋرى ھېساپلىنىدۇ.بۇچاغدا ئاتلانتىس ئېلىمۇ،بۈيۈك ئانا زېمىن (مو )قۇرۇقلۇغىمۇ سۇنىڭ تەكتىدىن ئورۇن ئېلىشتى،25 مىليۇن كۋادىرات كىلومېتىرلىق زېمىن سۇ ئاستىغا چۆكسە نىمە بولماقچىدى؟

نەتىجىدە زور سۇ ئاپىتى-توپان بالاسى يۈز بەردى.زېمىننى سۇ باستى!

يەر شارىنىڭ سۇغا غەرىق بولمىغان يەرلىرى ئىنتايىن ئاز قالدى،پەقەت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ زور كۆپچىلىك زېمىنى،ئافرىقىنىڭ بىر قىسىم زېمىنى،شىمالى ئامېرىكا، جەنۇبى ئامېرىكىنىڭ بىر قىسمى،ئاخىرىدا ئاۋىستىرالىيە زېمىنلىرى بۇ توپان

بالاسىدىن ئامان قالدى!

قالغان زېمىننىڭ ھەممىسى سۇ ئاستىدا بىر دەۋر گىچە چۆكۈپ ياتتى.

ئالدىنقى بايانلىرىمىزدا كۆچمەنلەرنىڭ 3 يۆنۈلۈشبويىچە كۆچۈشكە باشلىغانلىقىنى بايان قىلىۋىدۇق،ئەلبەتتە ئۇ كۆچمەنلەر ئۆزلىرىنىڭ مىللى تەركىۋى بويىچەكۆچۈشكەن،2-يول بىلەن كۆچكەنلەر بىرما يولىنى بويلاپ ئىران ئارقىلىق بابىلون ۋە كىچىك ئاسىيە ئەتراپلىرىغا كۆچكەن.

توپان بالاسى يۈز بەرگەندە ئەنە شۇلارنىڭ ئەڭ دانىشمىنى بولغان نوھ ئەلەيھىسسالام ئۆز ماكانلىرىنىڭ بەكمۇ سۇغا يېقىن ۋە ئوڭايلا ئاپەتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى چۈشۈنۈپ يېتىپ دەرھال ئىنتايىن چوڭ كىمە ياساشقا تۇتۇش قىلىدۇ شۇنداقلا ھەممە جان-جانىۋارلاردىن بىرجۈپتىن ئېلىپ كىمىنى سۇ يۈزىگە چۈشۈرىدۇ،دىگەندەكلا توپان بىسىپ كىلىپ 2-يول بىلەن كۆچۈپ كەلگۈچىلەرنىڭ ھەممە زېمىنلىرى سۇ ئىچىدە قالىدۇ،پەقەت ئەشۇ كىمىلا ئامانقالىدۇ.تەخمىنەن 6 ئايدىن كىيىن سۇ ئىزىغا قايتىدۇ،لىكىن كىچىككىنە ئىگەي جىراسى -ئىگەي دىڭىزىغا قاراكۆل- قارا دىڭىزغائايلىنىپ قالىدۇ. كىمە بولسا ھازىرقى تۈركىيە- ئەرمەنىستان چېگراسىدىكى ئارارت(جۇدى) تىغىئۈستىگە كىلىپ توختايدۇ،سۇ قايتىسمۇ ئەمما سۇ يۈزى يەنىلا مۇشۇ تاغ ئۈستى بىلەن تەڭ ئىدى.

بۇزاماندا 3-يۆنۈلۈش بىلەن ماڭغان ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىك زېمىنى سۇئاپىتىدىن ئامان قالدى،چۈنكى ئۇ زېمىن چوڭ ئىچكى قۇرۇغلۇق يىرى ئىدى.

1- يۆنۈلۈش بويىچە ماڭغانلار بولسا مىكسىكانى بىسىپ ئۆتۈپئاتلانتىسقا ۋە ئۇندىن ئۆتۈپ سەھرايى كەبىر ھەم ھازىرقىئەرەپ زېمىنلىرىغا كىلىپ ئورۇنلاشتى دىدۇق،ئەنە شۇ ئاتلانتىس سۇغا غەرىق بولغانداتاشقىنلىغان سۇ كىچىككىنە

جەبىلتارىق بوغۇزىدىن قىيان بىلەن بېسىپ ئۆتۈپ ئەسلىدىنلا تېيىز ئوتتۇرا يەر سايازلىقنى ناھايىتى چوڭ بولغان ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ،بۇ جەريانلاردا مەيلى 2-يۇنۇلۇشتىكىلەر بولسۇن ياكى 1- يۇنۇلۇشتىكىلەر بولسۇن پەقەت ھىلىقى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىدىكىلەردىن باشقىلىرى ئاساسەن پۈتۈنلەي ھالاك بولۇشتى!

ئەندى گەپ يەر يۈزىدە ئامان قىلىشقىنى 3- يۇنۇلۇشنى بويلاپ ماڭغانئۇيغۇرلار ۋە بايىقى بىرلا كېمىدە سەپەرگە چىقىشقانلار ھەققىدە بولىدۇ.

«ئاتلانتىس » قۇرۇغلۇغى چۆككەندە خۇددى پۈتمىزنى يەرگە قويغاندا ئالدى بىلەن تاپان ،ئاندىن كېيىن پۇت ئۇچى يەرگە تېگىدىغاندەك، بۇ قۇرۇغلۇقمۇ ئالدى بىلەن غەربى تەرىپى يەنى ئامېرىكىنىڭ شەرقى تەرىپىگە ئۇدۇل كېلىدىغان قىسمى سۇغا چۆكۈپ ئاندىن ياۋرۇپاغا يۈزلەنگەن شەرقى تەرىپى سۇغا چۆكىدۇ،بۇنداق بولغاندا غايەت زور سۇ دولقۇنى غەرىپتىن شەرىققە ئۇرۇلۇپ پۈتكۈل ياۋرۇ-كىچىك ئاسىيا-شىمالى ئافرىقا بىر مەزگىل سۇتېگىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

شۇنداقلا ئەۋۋەلى زېمىن (مۇ) قۇرۇغلۇغىمۇ جەنۇبى تەرەپتىن سۇغا چۆكۈپ ئاندىن شىمالى تەرەپلىرى سۇغا غەرىق بولىدۇ،شۇسەۋەپتىن غايەت سۇ دولقۇنى شىمالغا ئۇرۇلۇپ تاكى ھىنگان تاغلىرى ئوردۇس يايلاقلىرىغىچە بولغان پۈتكۈل شەرقى -جەنۇبى ئاسىيە بىر مەزگىل سۇ تېگىدىن ئورۇن ئالىدۇ،سۇنىڭ دولقۇن شىددىتى بىرىنگ بوغۇزىدىنمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئالدىنقى بايانىمىزدا نوھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇيغۇرلار ئامان قالدى دېدۇق،ئەمما ئاللانىڭ بىر دەۋرنى يوقۇتۇۋېتىش ئىرادىسى بولىدىكەن ئۇنداقتا ھېچكىممۇبۇ قىسمەتتىن ئامان قالالمايدۇ.

ۋولقانىدىن چىققان غايەت زور ئىس-تۈتەكلەر 6 ئايغىچە ئاسماندا لەيلەپ يۈردى،جاھان قاپ-قاراڭغۇ بولدى،زېمىندىكى ئوت-چۆپلەر كۆن نۇرىدىن ئوزۇق ئالالمىغاچ ھەممىسى ئۆلدى،ئاقىۋەت سۇ قايتىپ ،ئالەم مۇنەۋۋەر بولدى،لېكىن ھېلىقى لەيلەپ يۈرگەن ئىنتايىن قېلىن چاڭ-توزاڭ بۇلۇت قەۋىتى شىمالغا سۈرۈلۈپ سۇغا چۆكمەي قالغان پۈتكۈل ئۇيغۇر زېمىنىنى 15 مېتىر قېلىن تاش-شېغىل بىلەن كۆمۈپ تاشلىدى!شۇنداق قىلىپ يەر شارىدا تەرەققى قىلغان ،يۈكسەك مەدەنىيەتكە نائىل بولغان بىر ئەۋلات ئىنسانلارئاساسى جەھەتتىن يوقالدى.!

ئۇيغۇرنىڭ قۇرۇپ چىققان بۈيۈك (كۆن ئىمپىرىيىسى) شۇنداق قىلىپ يوقالدى.

ئۇنىڭ ئورنىدا ھازىرقى پايانسىز كەتكەن چۆل-ئىدىرلىق موڭغۇل دالاسى پەيدا بولدى.

دولقۇن ئۇرۇلغان چاغدىكى ھاۋا ئېقىم زەربىسىمۇ بوش بولمىدى،شەرىقتە شىمالىئامېرىكا، شىمالى ئوكيان تاكى ئورال تاغلىرىغىچە بولغان پۈتكۈل شەرقى ئاسىيا بۇ ۋەيران قىلغۇچ بوران-چاپقۇنلۇق ھاۋا ئېقىمى ئېلكىدە ھالاكەتلىك زەربىگە ئۇچرىدى.ئەڭ ئېچىنىشلىق بولغىنى شانۇ-شەۋكەتلىك( كۆنئىمپىرىسى)نىڭ پايتەختى 15 مېتىرلىق تاش- شېغىل،قۇم-توپا ئاستىغا كۆمۈلگىنى..شۇنداقلا ئۇيەرگە ئېلىپ بېرىلىپ ساخلىنىۋاتقان قەدىمى (مۇ) قۇرۇغلۇغى ھەققىدىكى يازما( نائاكال) لارنىڭ يوقۇلۇپ كېتىش تەغدىرى.

شۇنداق بولسىمۇ ئالال ئۇز قولى بىلەن ئاپىرىدە قىلغان ھەممەئىنسانىنى پۈتۈنلەي يوقۇتىۋېتىشكە ئىرادە قىلمىغان،شۇڭائەس-ھۇشىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ بىرقىسىم ئىنسانلارنى مىلانىزىيىدە،پايانسىز تايگا ئورمانلىقىنىڭ بۇلۇڭ پۇشقاقلىرىدا، كوئىنلۇننىڭ قىر -ئىدىرلىرىدا ئىنتايىن ئاز سانداساخلاپ قالغان.

بۇنىڭغا بىز ھېلىقى كىمدە ئامان قالغان نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنىمۇ قوشىمىز.

بىز يەر شارى 4 قېتىم گۇم بولۇپ بىز 5-قېتىملىق كۆپەيگەن ئىنسانلار دىدۇق ۋە ئۇيغۇرلارنى 4-قېتىملىق يارالمىش دەۋرىدىلا تەكامۇللىشىپ بولغان قىلىپ تەسۋىرلىدۇق، ئەمىسە بۇ ئۇيغۇرلار قەيەردىن پەيدا بولدى؟

يەر شارىدىكى ئىنسانلارنىڭ 3-قېتىملىق تەرەققىيات دەۋرىدە ئىنسانلار شۇنچىلىك زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتىكى سان جەھەتتە زېمىنغا پاتمىغىلى، ئىلىم-پەن جەھەتتە ھاكاۋۇرلىشىپ باشقاقەۋىم-مىللەتلەرنى كۆزگە ئىلمىغۇدەك ھالەتكە يېتىشتى. ئىلمىدە پەقەت (دۈشمەن) نى يېڭىۋىلىشنىلا كۆزلەش تەرەققىيات نىشانى قىلىنغاشقا قورال-ياراغ، ئادەم قىرىش تېخنىكىسى مىسلىسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، ھەرقايسى ئۇلۇسلارئۆزئىدىيەلىرىنى ئالغا سۈرۈشكە ئىنتىزار بولغاچ بىر-بىرىنىڭ كۆز قاراش، ھەزارەت، ئۆزگىچە تۇرمۇش ئۇسلۇپلىرىغا ھۆرمەت قىلىش كۆنتەرتىپتىن يوقالدى.

شۇنداق قىلىپ ھەر قايسى تەرەپلەر ئۆز كۈچ-قۇدرىتىنى مىسلىسىزدەپ قارىغاشقا بىر-بىرىگە ھۇجۇم قىلىش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالدى، ئاقىۋەت شۇنچىلىك زور بىرئۇرۇش قايىنمىغا كىرىپ قىلىشتىكى ھېچقايسى تەرەپ بۇ مەيداندىن چېكىنىشكە ئۇلگۇرەلمىدى، يەر يۈزى ئىنسانلار ئۆزلىرى ياسىغان غايەت زور قىرغۇچى قۇراللار تەرىپىدىن تۈپ-تۈزلەڭ قىلىۋېتىلدى، زېمىنغا پاتمىغان ئىنسانلاردىن ئاقىۋەت ساناقتا ئىلىنغۇدەك ھېچنىمە قالمىدى، ھەتتا بۇ قىرغىنچىلىقتا شۇدەۋىرنىڭ ئەركە ھايۋىنى ھېساپلانغان دىنوزاۋىرلارنىڭ ئۇرۇغىمۇ قالمىدى!

پەقەت ۋە پەقەتلا بىر تۈركۈم بەكمۇ ئازغىنە خەلق ئۆڭكۈرلەردە، چوڭقۇر لەخمىلەردە ئامان قىلىشتى، مانا بۇلار بىز بايان قىلغان 4-دەۋردە كۆپەيگەن

ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ كۆپ سانى ئىگىلەيدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى!

ئەلبەتتە باشقا قەۋملەردىن ساقلىنىپ قالغانلىرىمۇ بار، لېكىن ئۇلارنىڭ سانى تىخىمۇ ئاز بولۇپ .ئۇيغۇرلارچىلىك تەلەيلىك بولالمىغان.

شۇنداق قىلىپ 3- دەۋر ئاخىرلىشىپ 4- دەۋر ھەقىقى ئۇيغۇر دەۋرى باشلانغان

بۇنى ئالغىنقى بايانلىرىمىزدا تەسۋىرلەپ ئۆتتۇق.

4-دەۋرىنىڭ بېشىدا بايىقى ئامان قېلىشقان ئۇيغۇرلارخىلى ئۆزۈنغىچە ئەس-ھوشىنى تېپىشالمىغان، ئەقلى ئىختىدار تەرەپتىن نۇرغۇن چېكىنگەن، لېكىن ئاڭدا چوڭ بىر ماتەم ھېسياتى ئەگىپ يوقالمىغان، دۇنيانىڭ ۋاپاسىزلىغى، ئىنساننىڭ ۋەھشىلىگى كاللىسىدىن ئەگىپ كەتەلمىگەن، ئاخىرىدا بۇ ئىسەدەشكە ئايلىنىپ بارا-بارا ئىنتايىن تەسىرلىك مۇڭ -كۈيگە ئايلانغان، قېرىلىپ كەتكەن ئۇرۇق -ئەجدادىغا مەرسىيە ئوقۇشقا يۈزلەنگەن.شۇنداق قىلىپ ئاڭدىن، ئىغىزدىن بىر غېرىبانە كۈي ياڭرىغان!مانا بۇ بۈگۈنكى مۇقام مۇقەددىمىسى شۇ! بۈگۈنكى كۈندىكى دۇنيادىكى ھەممە مىللەت مۇقاملىرىنىڭ باشتەرىپى-مۇقەددىمىلىرىنىڭ ئوخشاشلىق سەۋەبى مۇشۇدەستلەپ پەيدا بولغان مۇقامنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدۇر،

كىينچە شۇ 4- دەۋردە بۈيۈك ئانا زىمىن (مۇ) قۇرۇغلۇغىدا .ئۇيغۇرلار ئەقلى ھوشىنى ژىغىۋېلىشقاندىن كىيىن ھاكىمىيەت قۇرۇپ ئوردىلار سالغان، ئۇ ئوردىلاردا مەرىكە- مۇراسىملار ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرغان، ئەلبەتتەئەڭ ئالدىدا مۇقەددىمە ئەيتىش ئارقىلىق ئەجدادلارنى يادلاشقان، كىينچە ئوردا ۋە شادىمانلىق تەقەززاسى، شۈكۈر قىلىش ھېسسىياتى تۈرتكۈسىدە مۇقامنىڭ كىينكى قىسىملىرىمۇ ئىجات قىلىنغان.

شۇنىسى ئەجەپلىنەرلىككى ھازىر ئاڭلاۋاتقان مۇقاملىرىمىزدا دىققەت قىلسىڭىز

ھېچقانداق يېرىدە ئېگىز تاغنى ئىپادىلەيدىغان ئاھاڭلار مەۋجۇت ئەمەس،ئەمما ھازىرقى 5- دەۋردە ئىجات قىلىنغان مۇزىكىلاردا بۇنداق ئېگىزتاغنى ئىپادىلىگۈچى ئاھاڭلار ھەممە مىللەتلەردە بار،بۇ نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟

زادىلا تاغ يوق ،تۈزلەڭ زېمىنى بار ئىقلىم كىشىلىرىلا ئەشۇنداق تەكشى يۇنۇلۇشلۇك ئاھاڭلارنىئۆز كۆيلىرىگە مەنبە قىلالايدۇ.يەنە بىرسى مەرغۇل،سىز مەرغۇلنىئاڭلاۋاتقىنىڭىزدا تاش ئوردىلاردىكى ئەكىس سادانى فەھىم قىلالايسىز.

جاھاننى كەلكۈن باستى،ئىشىپ قالغىننى تاش -شخىل كۆمدى،ئۇنىڭدىنمۇ ئاشقىننى ۋەيران قىلغۇچى بوران-چاپقۇن سۈپۈرۈپ ئەكەتتى!

زېمىندا نېمە قالدى؟ ھېچنېمە!

جان ساخلاپ قالغان تۆت توكتۇك ئىنسان يەر شارىنىڭ ئۆرۈغى بولۇپ قالدى، كوئىنلۇن ئۆڭكۈر -كامالىرىدا ساخلىنىپ قالغان ئەشۇ بىر ئۇچۇم ئۇيغۇر، بۇنچىۋىلا كەلگۈلۈككە،پۈتكۈل بىرئىمپىرىيەنىڭ ياق ،دۇنيادىكى ھەممە ئىنسانىنىڭ ئۆلۈپ تۈگىگىنىگە چىدالمىدى،تاقەت قىلالمىدى،كۆزىدىن چىققۇدەك ياش قالمىدى، ئەمما يۈرەك-باغرىنى بىر ئاچچىق زەھەر قامىۋالدى،ھەممىگە چىدىدى پەقەت مۇشۇنىڭغا چىدىمىدى،ئەخىرى خەنجەر بىلەن يۈرىگىنى تىلغىدى!يۈزلىرىنى مورلىدى! چاچلىرىنى ژۇلدى!

ئاھ ئۇيغۇرۇم!ئاھ قىرىنداشلىرىم!

ئۇلار ناھايىتمۇكۆپ تىرىشچانلىق بىلەن ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى ساخلاپ قىلىشتى، يىراق ئورال- ئىتىل بويلىرىدىكى ئامان قالغان ئىككى تۆتتال ئۇيغۇرلارمۇ تىخىمۇغەرىپكە سۈرۈلدى شۇنداق قىلىپ بۇ تىرىقىدە 3500 يىل ئۆتتى،بىرى ئىككى بولدى،ئىككى ئەمەس بەلكىم تۆتى ئاران ئۈچ بولدى مۇشۇنداقئاستا ئاۋۇپ كۆپۈيۈش نەتىجىسىدە كۇئىنلۇقلارنىڭ بىر قىسمى ئەسلى يۇرتىمىزنىڭ

يۈرىگى دەپ ئۆتۈكەن-بايقال بويلىرىغا كۆچتى،بىر قىسمى بولساجەنۇبى ئاسىياغا كۆچۈشتى. ئاز بىر قىسمى تارىمدا قەپ قىلىشتى.

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ ئوغلى بولىدىغان ،هام،سام ،ياپەس دەپ.ئەشۇ هام، سام دىگەن ئوغۇللىرى ئوتتۇرا شەرىق ۋەياۋرۇپا تەرەپلىرىدەماكان تۇتۇشتى، ياپەس بولسا ئۇيغۇر زىمىنىگە كۆچۈپ كىلىپ ئارىلىشىپ كەتتى.

مىلادىنىزنىيەدە بولسا تىخىمۇ ئەقىلدىن چەتنىگەن بىر قىسىملارقالغان ، ئۇلار ئۇ يەردە ئەسلى قىرىنداشلىرى بولغان ئۇيغۇرلاربىلەن خەۋەر -ئالاقىسىز ئۇز ئالدىغا ياشاپ قىلىشتى.

ئۆتۈكەن باغرىغا يىتىپ كىلىشكەن ئۇيغۇرلار يەنىمۇ كۆپ بەلا-قازانىڭ كىلىشىدىن ئەنسىرەپ ئىمپىرىيەنىڭ پايتەختىدىن ھىلىقى تارىخى پۈتۈكلەرنى 15 مىتىر تاششىخىل ئاستىدىن كولاپ ئىلىشىپ يىراق ھىمالايا تاغ باغرىدىكى بىر ئىبادەتخانىغا يۈتكەپ كىلىشتى ۋە مەھكەم ئورۇنغا ساخلاشتى. ،مانا بۇ كىينكى كۈنلەردە JAMIS ئەپەندىمنىڭ ئىزدىنىپ تاپقان (لخاسا پۈتۈكلىرى) دىگىنى شۇ. چارروسسىيە 1870 نەچچىنجى يىللىرى تەكشۈرۈش ئەترەتلىرىنى ئەۋەتىپ بۇ يەرنى كولاشتى ۋە ئۇيغۇر خاقانىنىڭ نىلوپەر ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ھەيكىلىنى تىپىپ چىقىشتى،ئەلبەتتە خاقان ئاللىرىنىڭ خانشىنىڭمۇ ھەيكىلى بىللەتىپىلغان.،داۋاملىق كولاپ-قىدىرىشقا ئولانباتۇر ھۆكۈمىتى قوشۇلمىغاشقا بۇ ئىش شۇ يەردە توختاپقالغان. بۇ دەۋاتقان بايانلىرىمىز ئەلبەتتە كىينكى زامانلارغا تەئەللۇق گەپ،بۇ يەردە توغرا كىلىپ قالغىنى ئۈچۈن قىستۇرۇپ ئۆتتۇق.

ئەسلى گىپىمىزگە كەلسەك ئۇيغۇر زىمىنىنىڭ شەرقى -جەنۇبى تەرەپلىرى ئىغىر دەرىجىدە سۇ كەلكۈنى ئاستىدا قالغان،ھىچقانداق ئۇسۇملۈك كۆكۈرىيەلمىگەن،

پەقەت سۇ ئوتلىرىلا ئۈيەر-بۇيەرلەردەكۆكلەپ قالغان،ئۇ يەردىمۇ ئاز-مۇنچە ئۇيغۇرلار ئامان قىلىشقان،ئۇلار قۇرۇت -قوڭغۇز،سۇ ئوتلىرى ۋە سۇدا ھايات كەچۈرىدىغان ئومۇرتقۇسىز ھايۋانلارنى يەپ جان ساخلاشقان،ئۇلار ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىكى كيىنكى ئىنسانلارنىڭ ئەجدادى بولۇپقىلىشقان.،سۇ قايتقاندىن كيىن بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارمۇكۆپەيگەن ۋە ئەۋلىي زىمىن(مۇ) قۇرۇقلۇقىدا قوللانغان يېزىقنى ئىشلىتىۋىرىشكەن ۋە شۇ يېزىق تاۋۇش-ئاھاڭى بويىچە سۆز ياساپ بوغۇملۇق سۆزلەم ھالىتىگە ئۆتكەن،زىمىننىڭ باشقا يەرلىرىدىكىلەر بولسا تاۋۇشلۇق سۆز ھالىتىنى قوللۇنۇشقان،شۇنۇڭ بىلەن ئىرۇگلىق ۋە ھەرىپتىن ئىبارەت ئىككى خىل يېزىق مەيدانغاكەلگەن.

سۇ ۋە تاش-شىخىل ئاپىتىدىن كيىن كەڭ ئۇيغۇر زىمىنىدىكى خەلىق ئوزۇقلۇق ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلاشقان شۇنداقلا ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇپ كۆندۈرگەن ۋە بېقىپ ئاۋۇتقان ،چارۋىچىلىق شۇنداق روياپقا چىققان.

ياپەس ئەۋلادى بولسا ئازغىنە ساقلىنىپ قالغان بۇغداي ئۇرۇقلىرىنى تېرىپ كۆپەيتىپ جاھانغا تاراتقان،شۇنۇڭ بىلەن دىخانچىلىق پەيدابولغان.

شۇنداق قىلىپ ئىنسان يەر شارىنىڭ 5- قىتىملىق ئاۋۇپ-كۆپىيىش دەۋرىگە قەدەم قويدى،بۇ دەۋردە زىمىندا ئۈچلا قەۋىم -مىلانىزىيەدىكى ئاراللاردا جان ساخلاپ قېلىشقان بىچارە ئاراۋالىلار، 2-يول بىلەن كۆچۈپ كەلگۈچىلەرنىڭئەۋلادىدىن بولمىش نوھ ئەۋلاتلىرى،ۋە3- يول بىلەن كۆچۈپ كىلىشكەنئۇيغۇرلارنىڭ كيىنكى ئامان قىلىشقانلىرى - يەر- زىمىندا ياشاپ ئاۋۇشتى.

يىللار،ئەسىرلەر توختىماي ئۆتتى،مىلانىزىيەلىكلەرنى ھىساپقا ئالمىغاندا باشقا كەڭ ۋە ئوزۇق تېپىلىدىغان زىمىندىكى ئاھالىلەر مىسلىسىز كۆپەيدى، ئەقلى -

خاتىرىسىنى يوقۇتۇپ قويۇشقانلارنىڭ ئاستا-ئاستا خاتىرىسى ئەسلىگە كېلىشتى، ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى زېمىننىڭ مىراسخورلىرىمۇ شۇنچىلىك كۆپەيدىكى ئاقىۋەت ئۇيغۇرئاتالمىسى ھازىرقى خەلق ئىبارىسىنىڭ ئورنىنى ئالدى،شۇنداقلا ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى باشقا يەردىكى ئۇيغۇرلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن خىلمۇ-خىل نامالارنى قوللۇنۇشتى.ئەڭ ئالدى بىلەن ئىران زېمىنىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى (پارس) نامى بىلەن ،ياۋرۇپادىكىلىرى بولسا(غۇت)—(گۇت) نامى بىلەن ،تاكى سكاندىنوۋىيەدىكىلەرگىچە(فىن-ئوغۇر) ناملىرىنى قويۇشۇپ بىر-بىرىنى پەرقلەندۈرۈشتى، يەنە(ماسساغىت)،(سومىر)،(ساق)، (سارمات) دەپمۇ ئاتىۋېلىشتى..بەزىدە ھام،سام،ياپەس ئەۋلاتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ زامان ئۆتىشى بىلەن يەنە بىر نەچچە خىل قەۋىملەرنى شەكىللەندۈرۈشتى.ئەسلى زېمىنىنىڭ مەركىزىدىگە قارا-قۇرۇمدىن كۆپۈيۈپ كۆچۈپ بىرىشقان بىربۆلۈكلىرى( كۇن) خاقانلىقى نامىنى ئۆزلىرىگە قەۋىم نامى قىلىۋېلىشتى،پەقەت (ھون) دەپ تەلەپپۇز قىلىشتى،خالاس. بىرقىسىم ئۇيغۇرلار تارىم-يازىش ئويمانلىقىدا (قوش)،(لوپ)،(ساق)، ئەتراپتىراقلىرى (قىپچاق)،(پەچەنەك)،(ئۇنىغۇر) ئاتالمىلىرىنى ئۆزلىرىگە نام- بەلگە قىلىشتى كېيىنچەرەك بولسائوغۇزخان زامانىغائۆلۈشۈپ تېخىمۇ كۆپ پەرقلەر پەيدا بولۇپ يەنە بىر تۈركۈم ئاتالمىلارمەيدانغا چىقىشتى. مىسالەن، ئوغۇز، تۈرىك، سىيانپى، ياقۇت، ناناي، چوقۇت، جورجىت، ئورۇس، ئەزەرى، تۈركمەن، تاتار،ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن موڭغۇل،مانجۇ،تۇبۇت، باشقىرت،كۆك ئوغۇز،قاراچاي،چەچەن،ئۆزبەك( بۇ ھازىرقى ئۆزبەك .ئەمەس بەلكىم ماۋەرائۇننەھىردىكى سۇلتان سوتۇق ئەۋلاتلىرىنى ئۆزلىرىگە قارام قىلىۋالغان ئۆزبەك-قىپچاقلىرى ). ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن تېخىمۇ كۆپ (مىللەت) ئاتالمىسىنى قويۇۋېلىشقانلار يامراپ كېتىشتى،بىراق شۇ نەرسە قىززىقارلىقكى (ئۇيغۇر)ئىبارىسى

نۇرغۇن دەۋرلەردە (خەلق) ئىبارىسىنىڭ مەناسىنى بىرىدىپ كەلگەچ(ئۇيغۇر) دىگەن بۇ مىللەت ئۇقۇمىنى دەستلەپ پەقەت ئوغۇزخان ئۇز ئەتراپلىرىدىغا ئۇيۇشقانلارغا قوللاندى، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار تىخمۇ ساپ ئىرقى ئالاھىدىلىگىنى ساخلاپ قىلىشتى.شۇنداقتىمۇ ئۇغۇزخاندىن كيىن يەنىمۇ كۆپ ئۇرۇقلارنىڭ كۆپۈيۈشگە ئەگىشىپ يەنە بىر مەزگىل (ئۇيغۇر) نامى ( خەلق) نامىنىڭ ئورنىنى بىسىپ كەلدى، پەقەت ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىغى دەۋرىدىلا يەنە (ئۇيغۇر) نامى قوللۇنۇلدى.

قەشقەرىيە ئىسلامغا كىرگەندىن كيىن (ئۇيغۇر) نامى ئىدىقۇتتىلا ساخلىنىپ قالدى، ئاخىرىدا تۇرپانمۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلىش بىلەن يەنە300 يىل ئۇنتۇلدى،ئەڭ ئاخىرىدا ھازىرقى قازاقىستاندا ياشاپ ئۇتكەن --- ئابدۇسەمەت --- دىگەن ئوقۇمۇشلۇقئۇز تەخەللۇسىنى ---ئۇيغۇر--- ئىبارىسى بىلەن بىزدگەندىن باشلاپ (ئۇيغۇر) مىللەت ئىسمىنى ئەسلى ساپ قان سىستىمىغا ئىگە بولغان مەركىزى ئاسىيالىقلار (.ئۇيغۇر) دەپ ئىسىم قىلىپ قوللۇنۇشتى ئەلبەتتە بۇ كيىنكى ئىشلار،مەسىلىنى يورۇتۇپ بىرىش ئۇچۇن بۇ يەردە ئالدىن مەلۇمات بىرىۋەتتۇق

ھازىرقى دەۋرىمىزدىن 50 مىڭ يىلئىلگىرى بىر بۇلۇڭ ، مەركىزى ھاكىمىيەت - قارا بالغاسۇنغا بويسۇنمىغان ئۇيغۇرلار كامچاتكا ۋە چوكۇتكا يېرىم ئاراللىرىدىن قوزغۇلۇپ شەرقى - شىمالغا ئالياسكىغا قاراپ كۆچۈشكە باشلاپ تەدرىجى ھالدا ئامىرىكا قىتئەسىگە ئۇتۇشكە باشلايدۇ،ئۇ زاماندا ئاتلانتىس ۋە ئانا زىمىن —مۇ — قۇرۇغلۇقلىرى تىخى سۇ ئاستىغا چۆكمىگەچ دىڭىز-ئوكيانلارنىڭ سۇ يۈزى پەست ئىدى شۇنداقلا ھازىرقى بىرىنگ بۇغىزى كەڭ كەتكەن پەست تەكشىلىكتىكى يايلاق ئىدى..

ئۇلار مانا مۇشۇ كۆكۈلمەيدان زېمىندىن ئاستا-ئاستا سىلجىپ ئالياسكا ھەم ھازىرقى ئوتتۇرا ئامېرىكىغا يامرايدۇ، نوپۇسىمۇ ئاۋۇشقا باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇنىڭدىن 30 مىڭ يىللارئىلگىرى كۆچۈشكە باشلىغانلار بىلەن قوشۇلۇپ ھازىرقى ئامېرىكا قىتئەسىدە ئاساسلىق قەۋم بولۇپ قالىدۇ، ئۇلار تاكى جەنۇبى ئامېرىكا -نىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى ئوتلۇق يەرگىچە يېتىپ ماكانلىشىدۇ.

بۇ خەلىق ئۆز ئالدىغا تەرەققى قىلىپ مايا مەدەنىيىتىنى بەرپاقىلىدۇ، نۇرغۇن تىببى ۋە ئاستروۋنومىيەلىك بىلىملەرگە ئىگە بولىشىدۇ. جەنۇبى ئامېرىكىنىڭ بەزى مەملىكەتلىرىدە ئۇلار ياسىغان ئاستۇرۇنومىيەلىك بەلگىلەر ھىلىمۇ تاشلارغا ئويۇلغان ھالىتىنى ساخلاپ تۇرماقتا.مېكسىكىدىكى ۋە دىڭىزلاردا سۇ ئاستىغا چۆكۈپ كەتكەن پىرامىدىلار شۇلارغا تەئەللۇق.

بۇلارمۇ 11500 يىل ئىلگىرىكى توپان بەلاسىدا ئامان قېلىشمىغان شۇنداقلا ناھايىتىئاز مىقتاردا قالغان -قاتقانلىرى باشقا قىتئەدىكىلەردەك ئالەمشۇمۇل ۋەيرانچىلىق ھەم خاتىرىسىنى يوقۇتۇپ قويۇش بەلاسىغا دۇچار بولغان .لىكىن باشقا قىتئەلەر بىلەن بولغان قۇرۇغلۇق يولى بىرىنگ يايلىقى— بىر سۇ باسقان بىرىنگ بوغۇزىغائايلىنىپ قالغاچقا ھەمئاسىيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغاشقا ئۇلار ھېچقانداق تەرەققى قىلىش ئىمكانىغا ئىگەبولالمىغان،ئۈزۈن زامان ئىپتىدائى تۇرمۇش كۆچۈرۈشكەن. شۇنداقتىمۇ شوكۇلات ياساش ۋە تىببى دورىگەرلىك ساھەسىدىكى تېخنىكىلىرىنى ئىسپانلارغا ئۆگۈتۈپ قويۇشتىن قەتئى باش تارتىشتى،ھىلىغىچە ھەقىقى شاكىلاتنى ھېچقايسى دۆلەت ئىشلەپچىقىرالمىدى، پەقەت ئوخشۇتالىدى خالاس!

بۇندىن 400 يىل مۇقەددەم ئىسپان مۇستەملىكىچىلىرىئۇ زېمىننى بىسىۋېلىپ بۇ خەلقىنىڭ چىرايى بۇغداي ئۆڭ بولغاچ ھىندىلارغا ئوخشۇتۇپ (ئىندىيان) دەپ

لەقەم قويۇشتى. شۇندىن بۇيان بۇ قەۋم زۇلۇمغاتىك تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسۈتۈشتى، نۇرغۇن قىرىلدى،ئامان قالغىنى ئىنتايىن ئاز بولدى.

بۈگۈنكى كۈندە بۇ مىللەت خەلقئارا تۈركى تىللار قۇرۇلتىيىغادائىم قاتنىشىپ كىلىۋاتىدۇ،چۈنكى شۇنچە زامان ئۆتسىمۇ ئۇلارنىڭ تىلى تۈركى ( ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر) تىلىدىن بەك چەتنەپ كەتكىنى يوق.

# بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپىراتورلىقى

بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپىرىيىسى — قۇياش ئىمپىرىيىسى مۇغا تەۋە ئەڭ چوڭ مۇستەملىكە خاراكتىرلىك ئىمپىرىيە بولۇپ، دۇنيادا تونۇلغان ئىمپىرىيلەر ئىچىدە مۇدىن قالسىلا ئۇيغۇر ئىمپىرىيىسىدىن چوڭ ئىمپىرىيە يوق ئىدى.

ئۇيغۇر ئىمپىرىيىسىنىڭ شەرقىي چىگرىسى تىنچ ئوكيانغا، غەربىي چىگرىسى هازىرقى روسىيەنىڭ موسكۋا شەھىرى جايلاشقان زېمىنى بوياپ، ياۋروپانىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ييراقلارغا سوزۇلۇپ ئاتلانتىك ئوكيانغا تۇتاشقان ئىدى. شىمالىي چىگرىسىغا ئائىت خاتىرىلەر يوق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شىمالى چىگرىسىنى شىمالىي مۇز ئوكيانغا تۇتاشقان دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن. جەنۇبىي چىگرىسى بولسا ھىندىچىنى، بىرما، ھىندىستان ۋە پېرسىيەنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئۇيغۇر تارىخى دىمەكلىك — ئارىيانلارنىڭ تارىخى دىمەكتۇر. چۈنكى بارلىق ئارىئانلار ھەقىقى ئارىئان ئىرقىدىكىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. ياۋروپانىڭ مەركىزىنى بوياپ ماكانلاشقان بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىش تارىخىنى تاكى ئۈچۈنچى ئىرا دەۋرىگىچە سوزۇش مۇمكىن. ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن غايەت دەھشەتلىك يەر پوستى ئۆزگىرىشى ۋە تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىقىشى نەتىجىسىدە ئىمىرىيە ۋەيران بولغان بولسىمۇ لىكىن بۇ ئاپەتلەردىن ئامان قالغانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى ياۋروپادا قايتىدىن ئاھالە بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ پىلىستوسىن دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. سلاۋيانلار، تيوتنلار، كېلتلار، ئىرلاندلار، بىرتونلار ۋە باسكلار ئۇيغۇرلاردىن پەيدا بولغان مىللەتلەردۇر. بىرتونلار بىلەن باسكلار ۋە ھەقىقى ئىرلاندلار ئۈچۈنچى ئىرا دەۋرىدە ياۋروپاغا كەلگەن ئۇيغۇرلاردىن تارقالغان خەلقلەردۇر ھەم بۇلار دەل ھىلقى يەر پوستى ئۆزگىرىشى ۋە تاغلار ئۆزگىرىش ھەركىتىدە ئامان قالغانلاردۇر.

يەر پوستى ھەركىتى ۋە تاغلار كۆتۈرۈلۈپ چىقىشتىن بۇرۇن، ئۇيغۇر ئىمپىرىيىسى گۈللەپ ياشنىغان ھىلقى دەۋرلەردە ھازىرقى گوبى چۆللۈكى سۇيى ئەلۋەك مۇنبەت تۈزلەڭلىك ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ جايدىكى پايتەختى بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، 1896-يىلى تىبەتتىن ئىرىشكەن ئۈچۈرلارغا ئاساسەن قەدىمقى شەھەر قارا خوتۇنى زىيارەت قىلغان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى مۇشۇ قارا خوتۇ شەھىرىنىڭ ئاستىدا بولۇشى مۇمكىن دەپ قىياس قىلىشىپ بۇ خارابىلىقنى قېزىشنى باشلىۋەتكەن ۋە 40 فۇت قېلىنلىقتىكى قۇرام تاش قاتلىمى،

شالغۇم ۋە قوم قاتلاملىرىدىن ئۆتۈپ قەدىمقى پايتەخت شەھەرنىڭ خارابىسىنى تاپقان ھەمدە نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئېرىشكەن. لېكىن شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قېزىش راسخوتى تۆگەپ كەتكەنلىكتىن بۇ ئارخېلوگىيە پائالىيىتىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغان ھەم بۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشنى روسىيەلىك داڭلىق ئارخېئولوگ كوزلوفقا ئېيتقان. كېيىن كوزلوف بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ ئۇلارنىڭ قارا خوتۇدىكى خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغان ۋە ئۆزىنىڭ روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئۆزىنىڭ بۇ شەھەردىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىدا: غايىپ بولغان قۇرۇقلۇق مۇنى باش ئەگدۇردۇم — دەپ ئوتتۇرىغا قويغان.

شەرقتىكى ئەللەردە كەڭ تارقالغان رىۋايەتلەردە : « پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا جۈملىدىن ھىمالايا تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئورنى بىر زامانلاردا مۇنبەت تېرىلغۇ يەرلەر، ئورمانلىقلار، كۆل ۋە دەريالار بىلەن تولغان بىپايان تۈزلەڭلىك ئىدى. ئۇ جايلاردىكى كەڭ ھەم تۈپتۈز يوللار چوڭ - كىچىك شەھەر بازارلارنى بىربىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. بۇ كاتتا شەھەرلەردە ھەيۋەتلىك ئىبادەتخانىلار ۋە ئاممىۋى پاراۋانلىق ئورۇنلىرى، ھۆكۈمرانلارنىڭ سۈرلۈك ئوردا قەسىرلىرى بار ئىدى » دېيىلگەن. ھازىرمۇ گوبى چۆللۈكىدىكى ھېلىقى توپان سۈيىنىڭ يالاپ قورامىلىقتا ئايلاندۇرىۋېتىشىدىن ئامان قالغان تۇپراق قاتلاملىق قىسىملىرىدا قۇرۇپ كەتكەن دەريالارنىڭ قىنى، قانالالار ۋە كۆللەرنىڭ ئىزنالىرى ئوچۇق كۆزگە تاشلىنىدۇ. گوبى چۆللۈكىنىڭ بىرقانچە جايلىرىدا ھېلىقى توپان سۈيى يالاپ كەتكەن دائىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن تارىخلار بىزگە ئۇيغۇرلارنىڭ قۇدرەت تاپقان ھېلىقى دەۋرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. تەلىيىمىزگە يارىشا بىز بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەرگە مۇھتاج ئەمەس، تىبەتلەرنىڭ بىر ئىبادەتخانىسىدا بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان نائاكال خانلىقىغا ئائىت يازما خاتىرىلەر ساقلانغان. مەن ئۇنىڭدىكى « 70000 يىللار ئىلگىرى نائاكاللىقلار ئۆز ۋەتىنى ھەققىدىكى مۇقەددەس يازمىلارنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختىگە يوللىنىش » دىگەن نەقلىنى ئالساملا كۇپايە. رىۋايەت تۆسنى ئالغان نەقىللەر نامەلۇم يۇرتلاردىن ئاسىياغا كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ باشتا ھازىرقى سېرىق دېڭىز ساھىلىغا كېلىپ ماكانلاشقانلىقىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. « ئۇلار ئۇ جايدىن ئىچكىرىگە قاراپ كېڭەيدى، ئۇلارنىڭ دەسلەپتە يېتىپ بارغان جايى — تۈز كەتكەن سۇغۇرۇشقا ئەپلىك تۈزلەڭلىك ( گوبى) دۇر». شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىگەللەپ كاسپىي دېڭىز بويلىرىغا ۋە ئاندىن كېيىن مەركىزىي ياۋروپانى بېسىپ ئاتلانتىك ئوكيانىغا كېڭەيدى.

يازما خاتىرىلەردىن مەلۇم بولىشىچە ئۇيغۇرلار نۇرغۇن كاتتا شەھەرلەرنى بىنا قىلغان بولۇپ ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى كېيىن سۇ ئېقىتىپ كەتكەن، بەزىلىرى بولسا گوبى چۆللۈكى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن.

خەنزۇلارنىڭ بەزى خاتىرىلىرىدە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 500- يىللاردىكى تەققى-تۇرقى « قوڭۇر چاچ كۆك كۆز خەلق»، « ئۇيغۇرلارنىڭ چىرايى ئاق سۆزۈك، قوڭۇر كۆز ۋە قوڭۇر چاچ كېلىدۇ. شىمالدىكى جايلاردا ياشىغانلىرى ئاساسەن كۆك كۆز سېرىق چاچ، جەنۇپتا ياشايدىغانلىرى قارا چاچ قاراكۆز كېلىدۇ » دەپ تەسۋىرلەنگەن.

ئەمدى مەن ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختىنىڭ قاچان نىمە سەۋەپتىن ۋەيران بولغانلىقى، باي مۇنبەت گوبىنىڭ چۆللۈككە ئايلىنىپ كېتىشىدىكى سەۋەپلەر ۋە يەر پوستى تارىخىنىڭ قايسى دەۋرلىرىدە قوم قاپلىغان گىياھ ئۈنمەس چۆللۈككە ئايلىنىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە توختۇلمەن.

ئىبادەتخانىلاردا ساقلانغان قەدىمقى خاتىرىلەردە « ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى ۋە ئۇنىڭدا ياشىغۇچى خەلقلەر بۇ ئېمپىرىيەنىڭ شەرقى قىسمىنى تامامەن يالماپ كەتكەن تاشقىندا خانىۋەيران بولۇپ ھالاك بولدى، ئۇنىڭدىن ھىچنەرسە ئامان قالمىدى » دەپ قەيت قىلىنغان.

بۇ قەدىمقى خاتىرىلەر گېئولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلەر ھەققىدىكى تەتقىقاتلار ئاساسىدا

ئىسپاتلاندى. قەدىمى پايتەخت شەھەر قارا خوتۇدىكى ئىمارەتلەر باشتىن ئاياق قورام، شالغۇم ۋە قۇم قاتلاملىرى ئاستىدا قالغان. ئەمدى بۇ تاشقىن ئاپىتىنى دۇنيادىكى بارلىق گېئولوگلار ئورتاق ئېتىراپ قىلدۇ. شۈبھىسىزكى ئىنجىلدا « توپان بالاسى » دېيىلگەن بۇ تاشقىن ئۆتكەنكى ماگنىتىك شىددەتلىك ئۆزگىرىش دەۋرىدە شىمالىي يېرىم شاردا يۈز بەرگەن.

مەن ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكى بىلەن بىرگە بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىن تاكى لېنا دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزىغىچە بولغان جايلار ۋە شىمالىي مۇز ئوكيان بويىدىكى ئارالاردا گېئولوگىيەلىك چارلاش ئېلىپ باردىم. بىزنىڭ يول بويى ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىمىز بۇنىڭدىن بىرقانچە مىڭ يىللار مۇقەددەم شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كەلگەن مۇز ئارىلاشمىغان دەھشەتلىك سۇ دولقۇنى جەنۇپتىن شىمالغا قاراپ بۇ يەرنى يالماپ ئۆتكەنلىكىدەك بىر پاكىتنى ئاشكارىلىدى. بىز گېرىنۋېچ سىزىقىنىڭ 110 گرادۇس شەرقىغىچە بولغان جايلاردا بۇ تاشقىن ئاپىتىنىڭ ئىزنالىرىنى بايقىمدۇق، لېكىن بۇ دائىرىدىن شەرققە قاراپ ماڭغىنىمىزدا شۇ قېتىملىق تاشقىن ئاپىتىنىڭ ئىزنالىرى ئۇچراپ تۇردى. ھېلىقى تاشقىننىڭ جەنۇپتىن باستۇرۇپ كېلىپ شىمالغا كەتكەنلىكىگە ئائىت دەلىللەر ھەممىلا جايدا ئۇچراپ تۇردىيۇ، لېكىن بىز بېسىپ ئۆتكەن سىبىرىيىنىڭ ھېچقانداق جايىدا ھېلىقى تاشقىنغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇزلاردىن قالغان بىرەر ئىزنالارنى بايقىمدۇق. تاشقىن ئەڭ قاتتىق بېسىپ ئۆتكەن يەر لېنا دەرياسى بولسا كېرەك.

لېنا دەرياسىنىڭ ئېغىزىدىن چىققاندىن كېيىنكى جاي للاكوف ئارىلى. بۇ ئارال مامونت ۋە باشقا ئورمان ھايۋانلىرىنىڭ ئۇستىخان ۋە چىشلىرى بىلەن تولغان بولۇپ، بۇلارنى ھېلىقى تاشقىن موڭغۇلىيە ۋە سىبىرىيە داللىرىدىن ئېقتىپ كېلىپ تاشلىغان. چۈنكى بۇنداق ھايۋانلا للاكوف ئارىلىدا ياشىغان ئەمەس. بۇ ئۇستىخانلاردىن بىز شۇنى جەزىملەشتۈرەلەيمىزكى، تاشقىنغا ھېچقانداق مۇز ئارىلاشمىغان بولمىسا بۇ ھايۋانلارنىڭ تېنى ئۇستىخانلىرى بىلەن قوشۇلۇپ يانچىلىپ ئۇماچ بولۇپ كەتكەن بولاتتى، يەنى شەرقى شىمالىي ئامېرىكىدەك ھالەت كېلىپ چىققان بولاتتى، ئۇ جايدا للاكوف ئارىلىدىكىدەك بۇنداق قالدۇق ئىزنالارنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

گېئولوگىيەلىك تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا ئۇ تاشقىن گېئولوگىيەلىك ئاتالغۇ بولغان مۇز دەۋرىدە شىمالىي يېرىم شاردا يۈز بەرگەن. خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە ئۇيغۇر ئېمپېرىيىسىنىڭ شەرقى يېرىمى پايتەختى بىلەن قوشۇلۇپ شۇ تاشقىن ئاپىتىدە ۋەيران بولغان ۋە يەر يۈزىدىكى بارلىق جانلىقلار قىرىلىپ تۈگىگەن، لېكىن غەربىي ۋە غەربىي جەنۇبىي قىسمى ئامان قالغان.

تاشقىن ئاپىتى بولۇپ مەلۇم زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن (قاچانلاردا پەيدا بولغانلىقى ھەققىدىكى يازما خاتىرىلەرنى ئۇچراتمىدىم) مەركىزىي ئاسىيادىكى تاغ بۆلەكلىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئېمپېرىيىسىنى ئوراپ تۇرغان ۋە ئۇنى كېسىپ ئۆتكەن تاغ تىزمىلىرى كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، يەرلەر ئۇلتۇرۇشقان ۋە مۇشۇ سەۋەپتىن ھاسىل بولغان يەر تەۋرەش تۈپەيلىدىن يەرلەر پارچىلىنىپ، يەر قويىنىدىن قورام تاشلار ئۆسۈپ چىققان، بۇ ئومۇمىي ۋەيرانچىلىققا قوشۇلۇپ پارتىلىغان ۋولقانلار قىزىق لاۋا ئېقىمى ھاسىل قىلغان. شۇ قېتىمقى تاشقىن ئاپىتىدە قانچىلىك ئۇيغۇرنىڭ قۇتۇلۇپ قالغانلىقى ۋە تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىقىش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ۋەيرانچىلىقتا قانچىلىك ئۇيغۇرنىڭ ئامان قالغانلىقىنى ئېنىق مۆلچەرلەش قىيىن، ئىشقىلىپ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا ھايات قالغان. بۇ يەر شارىنىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدە تاغ كۆتۈرۈلگەندە كېلىپ چىقىدىغان ئوخشاش ھادىسە. ساق قالغان ئىنتايىن ئاز بىرقىسىم ئۇيغۇرلار تاغ ئارا قېچىپ يۈرۈپ جېنىنى ساقلاپ قالغان. بۇ ئەھۋاللار باشقا باپلاردا سۆزلىنىدۇ. پەيدا بولغان بىرقانچە تاغلار گوبى دىگەن بۇ زېمىننى كېسىپ ئۆتۈش ۋە دائىرىگە ئېلىشىلىش نەتىجىسىدە، ئېقىپ كىلىدىغان سۇ يولىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. يەر يۈزى ھالىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن بۇ يەرگە قويۇلىدىغان سۇلار يەرنىڭ ئاستىدىكى قورام‌لارنى

بويلاپ سىڭىپ يەر ئاستى دەريالىرىنى شەكىللەندۈرگەن. دىمەك يەر يۈزىدىكى سۇلارنىڭ سىڭىپ كېتىشى نەتىجىسىدە گوبى بىز بۈگۈن كۆرۈپ تۇرغان قۇم، قورامىلار قاپلىغان ئادىمىزاتسىز چۆللۈككە ئايلىنىپ كەتكەن. شەك شۈبھىسىزكى ھازىرمۇ بۇ قۇملۇقنىڭ بىرنەچچە فۇت تەكتىدىن سۇ تاپقىلى بولىدۇ. بىز 7 ـ 10 فۇت چوڭقۇرلۇقتىن سۇ تاپتۇق.

ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن تارىخلاردىن مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار پۈتكۈل ئوتتۇرا ياۋروپاغا تارقىلىپ ماكانلاشقان، ھىندىلارنىڭ قەدىمقى كىتابى « مانۇ »دا مۇنداق يېزىلغان: «ئۇيغۇرلار كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالى ۋە شەرقىي قىرغاقلىرىنى بويلاپ ئولتۇراقلاشقان »., بۇلار ماكىس مۇللېر ئېيتقان پلىپي ستوسېن دەۋرىدىكى كۆچمەنلەرگە ئوخشاش ئىككىنچى قېتىم ياۋروپاغا كۆچۈپ كىرگەن ئۇيغۇرلار بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. مېنىڭچە شەك شۈبھىسىزكى ئالىملار ئېيتقان شەرقىي ياۋروپانىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۆزلەشتۈرگۈچىلىرى دەل ئادىمىزاتسىز چۆلدەرەپ قالغان ھېلىقى تاغلىقتىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ قالدۇقلىرىدۇر. بۇ قاراش ماكىس مۇللېر تەرىپىدىن دەلىللەنگەن. ئۇ بۇ توغرىدا مۇنداق يازغان: « دەسلەپتىكى بۇ بىر كىچىك توپ كاۋكازلىقلار مەركىزىي ئاسىيانىڭ تاغلىقلىرىدىن كەلگەن. ئۇ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار كاۋكاز داللىرىغا پلىپي سىتوسېن دەۋرىدە يەنى يەر پوستىدىن تاغلار كۆتۈرۈلۈپ چىققان دەۋرلەردە يېتىپ بارغان.» يۇقۇرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك يەر پوستىدىن تاغلار كۆتۈرۈلۈپ چىقىش-تىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا ياۋروپادا ئۇيغۇرلار بار ئىدى. ھازىرمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان نۇرغۇن قەۋملەر ئۆزلىرىنىڭ تارىخىنى يەر پوستىدىن تاغلار كۆتۈرۈلۈپ چىققان ھېلىقى دەۋرلەرگە سۈرىدۇ.

يوقالغان قۇرۇقلۇق مۇ دىگەن كىتابىمدا كوزلوف قارا خوتۇدىن تېپىپ سۈرەتكە ئالغان بىر قىسىم سىمۋوللۇق رەسىملەرنى ئايرىپ چىقىپ مەنىسىنى ئىزاھلاپ ئۆتكەن ئىدى.

تىبەت ئوتتۇرا ئاسىياغا جايلاشقان، ئۇ شەرقتە جۇڭگو، شىمالدا موڭغۇلىيە، جەنۇپتە ھىندىستان، غەرپتە كەشمىر ۋە تۈركىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. گوبى چۆللۈكى ئۇنىڭ شىمالىي چېگرىسىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

تىبەت بىر زامانلاردا بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. يەنى ئۇ چاغلاردا تېخى يەر پوستىدىن تاغلار كۆتۈرۈلۈپ چىقمىغان بولۇپ، بۇ ئەلنىڭ زىمنى مۇنبەت تۈزلەڭلىك ئىدى. ھازىر بۇ جاي غەرپتىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان تاغ تىزمىلىرى بىلەن تولغان دۇنيا بويىچە ئەڭ بۈيۈك ئېگىزلىك. جەنۇبىدا دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز تاغ تىزمىسى ــــــ ھىمالايا تاغلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ؛ مۇشۇ تاغ تىزمىلىرى ئىچىدىكى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز چوققا ــــــ جۇمۇلاڭما چوققىسى تىبەت چېگرىسىغا جايلاشقان، شۇڭا تىبەت « دۇنيانىڭ ئۆگزىسى › دىگەن نام بىلەن مەشھۇر.

تىبەت ــــــ ‹ تىلسىمات ۋە سىر ھېكمەتلەر بۆشۈكى › دەپ ئاتالغان ھىندىستاننىڭ قوشكېزەك ھەمشىرىسى ۋە بۇ شۆھرەت تاجىنىڭ ھەقلىق ئىگىسى. تىبەتنىڭ ئادەم كىرگىلى بولمايدىغان تاغ ئارىلىرىدا نۇرغۇن مۇناستىر، ئىبادەتخانا ۋە بۇتخانىلار بولۇپ تاشقى دۇنيادىن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن باردى كەلدىلەردىن خالى راھىپلار ئۆزلىرىگە خاس ئەھكاملار بويىچە پىنھان، تىنچ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، شۇ جىلغىلاردا ياشايدىغان ئازغىنە چارۋىچىلاردىن باشقا ھېچكىم ئۇلارنى بىلمەيدۇ. ھىمالايالىقلار ۋە تىبەتلىكلەرنىڭ ئىبادەتخانىلىرىدىكى راھىپلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى ئۆزلىرىنى بۇنىڭدىن 3000 يىللار ئىلگىرى بىراھمانلار تەرىپىدىن ھىندىستاندىن قوغلاپ چىقىرىلغان ناگاكاللارنىڭ پۇشتلىرى دەپ ئاتىشىدۇ. بۇلار ئەڭ ئىپتىدائىي دىن ۋە ئالەملەرنىڭ بەزى سىر ھېكمەتلىرىگە ئائىت تۇنجى بۈيۈك مەدەنىيەتنى ساقلاپ قالغۇچىلاردىن بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. مېنىڭ بۇ يەردە ‹بەزى › دىگەننى تەكىتلىشىمدىكى سەۋەپ شۇكى، بۇ ئىبادەتخانىلار تىبەتتىكى نەچچە يۈزلىگەن ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىچىدىكى ساناقلىقلا بىر قىسمىدىن، يەنى بەش بارماقنىڭ ئىچىدىكى بىر بارماقتىنلا ئىبارەت خالاس. مەن پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۈچىنىلا بىلىمەن، بۇ ئىبادەتخانىلارنىدىكىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بۇددا دىنىغا ئىخلاس قىلىدۇ.

بىرنەچچە يىل ئىلگىرى سىچلىيىمان لاسادىكى بىر قەدىمى بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن مۇنىڭ خانۋەيرانچىلىقى بايان قىلىنغان يازمىلارنى بايقىغان. بۇ يازمىلار قەدىمقى ئابىدە يادىكارلىقلىرىدىن پەھلىۋى ۋە تىبەت تىلى ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئەسلى مەنبەسىنىڭ قەيەر ئىكەنلىكى تازا ئېنىق ئەمەس، كىم بىلىدۇ دەيسىز بەلكىم مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نەچچە يۈزلىگەن يازمىلارغا قوشۇلۇپ ئالىقاندااقتۇر نامەلۇم بىر ئىبادەتخانىنىڭ بىرەر بۇلۇڭ پۇچقاقلىرىدا ياكى پول ئاستىلىرىدا بىراۋلارنىڭ قىيا كۆزىنى سېلىپ قويۇشىغا زار بولۇپ، مەينەت كىگىز پالازلارنىڭ قېتىدا چاڭ - توزانغا مىلەنگەن هالدا ساقلىنىپ تۇردۋاتقاندۇ.

قاتمۇ قات تاغلارنىڭ ئارىسىدىكى بىراھما پوترا دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدا بەزى ئىبادەتخانىلار ۋە بۇتخانىلار بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئېنىق سانىنى هازىر دەپ بېرەلمەيمەن. مۇشۇ ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىچىدە مۆكەممەل نائاكال كۇتۇپخانىسى دەپ ئاتىلىشقا لايىق نەچچە مىڭلىغان ئابىدىلەر ساقلانغان بىر ئىبادەتخانا بار. ئۇ يەردىكىلەر بۇنىڭ ئەينى چاغلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەخت شەھىرىگە تەۋە نائاكال كۇتۇپخانىسى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى ، دىمەك ئۇيغۇرلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى، ئاجايىپ تارىخى ئەنە شۇ ئابىدىلەرگە باغلانغان. مەن بۇ پاكىتلار ھەققىدە قەدىناس رايشى بۇرادىرىمگە ئېغىز ئېچىپ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى تەقدىرى ھەققىدە بىرەر نەرسە ئاڭلىغان ئاڭلىمىغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا بۇ ئىبادەتخانىنى زىيارەت قىلغانلىقىنى ۋە ھېلىقى ئابىدىلەرنىڭ تارىخى توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى. مەن تۆۋەندە ئۇنىڭ ماڭا دەپ بەرگەنلىرىنى ئەينەن تەكرارلاپ ئۆتىمەن:

نائاكاللار كۇتۇپخانىسىنىڭ بۇ كەچۈرمىشلىرىنى ماڭا ھېلىقى قېرى رايشى سۆزلەپ بەرگەن.

‹ ئۇلۇغ تاشقىن شەرقى ۋە غەربىي شىمالىي ئاسىيانى بېسىپ كەتكەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەخت شەھىرى ۋەيران بولۇپ ئۇنىڭدىكى ئاھالىلەر غەرق بولغان ۋە نائاكاللار ۋەتىنىدىن ئۇ يەرگە ئېلىپ بارغان بۈيۈك كۇتۇپخانا (ئابىدىلەر)نى كۆمۈپ تاشلىغان. ئاردىن ئۇزاق يىللار ئۆتكەندىن كېيىن تاشقىن باسمىغان غەربىي تاماندىكى نائاكاللار پايتەخت شەھەرنىڭ خارابىسىگە بېرىپ ئابىدىلەرنى كولاپ چىقىرىۋېلىپ ئۆزلىرىنىڭ غەربىي يۇرتىكى ئىبادەتخانىسىغا ئېلىپ كەتكەن. ئابىدىلەر تاكى يەر پوستىدىن تاغلار كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ ھېلىقى ئىبادەتخانىنى ۋەيران قىلىپ ئۇلارنى قايتىدىن يەر قەھرىگە كۆمۈپ تاشلىغانغا قەدەر ھېلىقى ئىبادەتخانىلاردا ساقلىنىپ تۇرغان. ئاردىن ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى تاغلار كۆتۈرۈلۈش ھەركىتى دەۋرىدىكى ئاپەتتىن ئامان قالغان نائاكاللارنىڭ ئۇرۇق پۇشتلىرى قايتىدىن ھېلىقى خارابىلىقنىڭ ئىزىغا بېرىپ ئابىدىلەرنى قايتىدىن كولاپ چىقىرىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىغا ئېلىپ كەتكەن، ئۇلار هازىرغىچە شۇ يەردە ئۇيقۇ هالىتىدە ياتماقتا.خاھى ئۇ ئىبادەتخانا ياكى ئابىدىلەر بىزگە سىر بولغان بىلەن شەرقنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرىگە تولىمۇ ئېنىق. مېنىڭ بىلىشىمچە 3 ئەنگىلىيەلىك ۋە 2 روسىيەلىك ھېلىقى ئىبادەتخانىنى زىيارەت قىلغان.

بۇ رىۋايەتنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن مەن رايشىدىن ھېلىقى كۇتۇپخانىلار ئىچىدىكى ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان بىرسىنىڭ هازىر بار يوقلىقىنى سورىدىم، ئۇ ماڭا: ‹ مېنىڭچە هازىر يوق ئوغلۇم، بىز داستان قىلىپ يۈرگەن ھېلىقى رايشى شەھىرىمىز ئايخۇدىيا باسقۇنچى قوشۇنلار تەرىپىدىن بۇلاڭ تالاڭ قىلىنىپ كۆيدۈرۈپ تاشلانغان، سىرلىق ئارخىپلار بىلەن تولغان ھېلىقى نائاكال كۇتۇپخانىمىز بار ئىبادەتخانىنى دۈشمەنلەر تاپالمىغان، ئەگەر بۇ رىۋايەتلىرىمىز راس بولسا نائاكال كۇتۇپخانىسى ھېلىقى ئىبادەتخانىنىڭ خارابىسى ئاستىدا ئەينەن ئۆز پېتى ئامان ئېسەن ساقلىنىپ تۇردۋاتىدۇ › دىدى.

بۇ ماڭا شۇنىڭدىن بىشارەت بېرىپ تۇردۋاتىدۇكى، نامىنى ئاتاپ ئۆتكەن تىبەت، كەشمىر ۋە شىمالىي ھىندىستاندىكى جايلار، يوللار، ئۆتكەللەر ھەققىدىكى يازمىلىرىم ئىچىدە بۇ ئۇچۇرنىڭ سىياسىي قىممىتى ھەممىدىن يۇقۇرى، سەۋەپ: بۇ ئۇچۇرلارنىڭ تولۇق ئاساسى بار،

شۇڭا بۇنىڭدا كۆڭلۈمنىڭ رايىغا بېقىشنى ئۆزۈمنىڭ بۇرچۇم ۋە خۇشاللىقىم دەپ قارايمەن.

جۇڭگو ـــ خەنزۇ مەدەنىيىتى ئەڭ قەدىمقى مەدەنىيەتلەرنىڭ بىرسى دېيىلىپ ۋە شۇنداق قارىلىپ كەلدى، لېكىن خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى ئارانلا 5000 يىل ئەتراپىغىلا بارىدۇ. ئۇلار ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئۆز مەدەنىيىتىمىزنى ئۆزىمىز راۋاجلاندۇرغان دەپ ئىشىنىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس. خەنزۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ئۇلارغا ئاتىلىرى تەرىپىدىن مىراس قالدۇرۇلغان، يەنە بىرسى خەنزۇلار قارىماققا موڭغۇللارغا بەك ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇلار يېرىم موڭغۇل ئېرقىغا تەۋە، ئۇلارنىڭ يىراق بوۋىلىرى ئاق تەنلىك ئارىيانلاردۇر. ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە بىر مۇنچە ئاق تەنلىك ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ئەللەردىكى سېرىق تەنلىك موڭغۇللار بىلەن ئۆيلۈك ئوچاقلىق بولغان ۋە ئەنە شۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى خەنزۇلارنىڭ تۇنجى ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ چىققان، قەدىمكى يازمىلاردا ‹ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلىرى سېرىق تەنلىك بەدىۋىلەرنىڭ ئارىسىدىكى چىرايلىق ئاياللارنى تاللاپ ئەمرىگە ئالاتتى › دەپ قەيت قىلىنغان. شەك شۈبھىسىزكى بۇ تەرجىمىدىكى خاتالىق، چۈنكى ئۇ چاغلاردا بۇنداق تويلىشىشنىڭ بولۇپ تۇرغانلىقى ئېنىق، دۇنيادا بەدىۋىلەر ھېچقاچان چىراي تۇرقىدىن مەلۇم بولمايدۇ، دىمەك ئۇنىڭ مەنىسى ‹ سېرىق تەنلىك ئەبگا ئېرق › دىگەنلىكتۇر، ئەنئەنە جەھەتتە بۇ ‹ سېرىق تەنلىك موڭغۇللار ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا تېخىمۇ بەدۋى ھالەتتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا تۆۋەن تۇراتتى . دىگەننى ئىسپاتلايدۇ. بۈگۈنكى كۈندىمۇ نۇرغۇن خەنزۇلارنىڭ، بولۇپمۇ ئالىي نەسەپتىكىلىرىنىڭ ئۆڭى ئاق سۈزۈك بولىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ تومۇرىدىكى ئۇيغۇر قېنىنىڭ ئالامىتىدىن ئىبارەت. بۈگۈنكى تۆۋەن نەسەپلىك، ئادەتتىكى قارا ئىش قىلىدىغان خەنزۇلاردا ئۇيغۇر قېنى يوق، مانا بۇلار بولسا قەدىمقى سېرىق تەنلىك مۇڭغۇللارنىڭ ئەۋلاتلىرىدۇر.

بۇنداق ئۆيلۈك ئوچاقلىق بولغان ئۇيغۇر دادىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا خاس تەربىيىلىنىپ چوڭ بولۇشىغا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى، شۇڭا تومۇرىدا ئۇيغۇر قېنى ئېقىپ تۇرغان، ئۇيغۇرلارغا خاس يۈكسەك مەدەنىيەتنىڭ تەربىيىسى سىڭگەن ئەۋلاتلار تۇنجى خەنزۇ ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ چىققان. دىمەك خەنزۇ مەدەنىيىتى ـــ ئۇلارغا ئاتا بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان قەدىمقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت. خەنزۇلارنىڭ تەرىقەتچىلىك دىنى ئىبادەتخانىلىرىدا ساقلانغان نۇرغۇنلىغان يازمىلار يۇقۇرىدا ئوتتۇرىغا قويغانلىرىمىزنى ئىسپاتلايدۇ ھەمدە بىرمۇنچە خەنزۇ مۇتەپەككۇرلەر بۇنى شەك شۈبھىسىز ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا خەنزۇلاردا ‹ خەنزۇلار باشتىن ئاياق ئاسىيادىلا ياشىغان بولماستىن بەلكى ئۇلار يىراق ئەللەردىن قۇياش چىققان جايلارنى قوغلىشىپ كەلگەن › دىگەن ئەنئەنىۋى قاراش گەۋدىلىك ساقلانغان.

مەن خەنزۇلارنىڭ رىۋايەت تۈسىدىكى تارىخىنى شەكىللەندۈرگەن خەنزۇ رىۋايەت ئەپسانىلىرىنى تېپىپ توپلاشقا تىرىشىپ باقتىم، بۇلار ئەسلىدە مەۋجۇت بولۇشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۇلارنى تېپىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدىم.

تۆۋەندە خ . ئې . پاركېرنىڭ جۇڭگو تارىخى توغرىسىدىكى كىتابىنىڭ 71- بېتىدىن مىسال كەلتۈرىمەن:

سۇلالىلەر نامى پادىشاھلار سانى سەلتەنەت سۈرگەن دەۋرى

بەش پادىشاھ دەۋرى 9 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2852- 2206- يىللار

شيا 18 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2052- 1767- يىللار

شاڭ 28 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1766- 1122- يىللار

غەربىي جۇ 10 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1121- 828- يىللار

شەرقىي جۇ 25 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى827- 255- يىللار

يۇقارقىلارغا ئاساسلانغاندا ھەرقايسى سۇلالىلەردە ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ ئوتتۇرىچە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن ۋاقتى تۆۋەندىكىچە:

بەش پادىشاھ دەۋرى ئوتتۇرىچە ھۆكۈمرانلىق دەۋرى 71 يىل

شىيا ئوتتۇرىچە ھۆكۈمرانلىق دەۋرى 24 يىل
شاڭ ئوتتۇرىچە ھۆكۈمرانلىق دەۋرى 23 يىل
غەربىي جۇ ئوتتۇرىچە ھۆكۈمرانلىق دەۋرى 29 يىل
شەرقىي جۇ ئوتتۇرىچە ھۆكۈمرانلىق دەۋرى 22 يىل
پاركېر مۇنداق دەيدۇ: ‹ بەش پادىشاھ دەۋرى دىگىنى تامامەن ئەپسانە؛ شىيا سۇلالىسى دىگىنىمۇ ئەپسانە ئارىلاشقان رىۋايەت؛ شاڭ سۇلالىسى دىيىلگىنى ئاساسەن رىۋايەت؛ غەربىي جۇ سۇلالىسىدە سەلتەنەت سۈرگەن 10 پادىشاھ دىگىنى يېرىم رىۋايەت؛ شەرقىي جۇ سۇلالىسىدە سەلتەنەت سۈرگەن 25 پادىشاھ دىگىنى تارىخ› .

يۇقۇرىقىلاردىن بىز شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى پاركېر ئاڭلىغانلىرىغا ئەمەس، پەقەت ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرىگە ئىشەنگەن، رىۋايەتلەرنىڭ مەيلى قانچىلىك راست بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ ئۆزى ئىشەنچ ھاسىل قىلغىدەك يازمىلارنى كۆرۈشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىردەك ئەپسانە دەپ قارىغان. مېنىڭ ئادىتىم بولسا ئەپسانىنى ئىز قوغلاپ سۈرۈشتۈرۈپ ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى ئىزدەيمەن، 90- قىتىمدا بولمىسىمۇ 100- قېتىمدا ئۇنىڭ ئەپسانە ياكى رىۋايەت ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ. ئەپسانە رىۋايەتلەر ئۆزۈپ چاپلىنىش جەريانىدا نەتىجىسىدە كەم كۈتىسىز توقۇلمىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، لېكىن شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى يىقىلمىسا ئوت ئىس چىقمايدۇ. خۇددى پاركېر ئېيتقاندەك ئەپسانىنىڭ ئازدۇر كۆپتۇر ئۈزۈپ چاپلانغان رىۋايەت ئىكەنلىكىدىن مەنمۇ گۇمانلانمايمەن، خەلق ئاغىزىدىكى ھېلىقى توقۇلمىلارنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان خىلمۇ خىل نەق يازما خاتىرىلەرنى تەرىقەتچىلىك (داۋجىياۋ) دىنى ئىبادەتخانىلىرىدىن تېپىش مۇمكىن.
پاركېر خەنزۇلارنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 200- يىلىدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچىلىك بولغان تارىخىنى ياخشى ۋە تەپسىلى شەرھىلىگەن. ئۇ ھەرقايسى موڭغۇل قەبىلىلىرى ۋە مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىش ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىش تارىخىنى بايان قىلىپ بەرگەن. لېكىن ياپونلارغا كەلگەندە مۇتلەق خاتالاشقان، يەنى ئۇلار توغرىسىدا خاتا كېچىككەن كىرىپ قالغان، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھۆكۈملىرىدىن شۈبھىلىنىشكە ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ئىستىلى يوغان مۈڭگۈزلۈك قوينى ئېلىپ كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن قېرى ماركو پولونى ھەپسىگە ئالغۇچىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ گوبىدىكى ۋەيرانچىلىقلارنىڭ ئىزنالىرى ۋە باشقا تارىختىن بۇرۇنقى بۇيۇك ئۆزگىرىشلەرگە ئائىت ئىزلارنى قانداق ئىزاھلاپ ئۆتكەنلىكىنى ئۇقمىدىم، روشەنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇنداق نەرسىلەرنىڭ كارىيىتى چاغلىق بولسا كېرەك.
ئۇيغۇر ئىمپىرىيىسى ۋەيران بولۇپ، ئارىدىن 7- 8 مىڭ يىللار ئۆتكەندىن كېيىن موڭغۇل ئېرقىدىكى ئۇششاق مىللەتلەرنىڭ سانسىزلىغان ئاھالىسى شەرقىي ئاسىياغا كۆچۈپ كېلىپ ياشىغان. چىڭگىزخان ۋە قۇبلايلار ئەنە شۇ تاتار ئېرقىغا تەۋە موڭغۇل مىللىتىنىڭ مەشھۇرلىرىدۇر. قۇبلايخان مىلادى 1277- يىللىرى يەنى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 600 يىللار بۇرۇن ئۆتكەن. بۈيۈك خەنزۇ مۇتەپەككۇرى ۋە پەيلاسوپى كۇڭفۇزى مىلادىدىن بۇرۇنقى 511- يىلىدىن 480- يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا، يەنى جۇڭگونىڭ يازما تارىخى باشلىنىپ 300 يىللار ئۆتكەندە ياشىغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 214- يىلى ئىمپىراتور چىن شىخۇاڭ بارلىق كىتاپلارنى ۋە قەدىمقى جۇڭگو ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلاش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن، بۇنىڭ بىلەن سان ساناقسىز كىتاپلار تارتىۋېلىنىپ كۆيدۈرىۋېتىلگەن، كۇڭفۇزى ۋە مېڭزىنىڭ كىتاپلىرىمۇ ئوتقا تاشلىنىش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان. ھۇن تاتارلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ شىمالىغا توختىماي ئېلىپ بارغان ھۇجۇملىرىدىن قوغدىنىش ئۈچۈن جۇڭگونىڭ سەددىچىن سېپىلىنى سوقتۇرغىنى دەل پادىشاھ چىن شىخۇاڭ بولۇپ، ئۇ بارلىق قەدىمقى يازمىلارنى تەل تۆكۈس كۆل قىلىۋېتىش نىيىتىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرالمىغان، چۈنكى يازمىلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى قۇتقۇزىۋېلىنغان ۋە تەرىقەت (داۋجىياۋ) دىنى

ئىبادەتخانىلىرىدا يوشۇرۇن ساقلىنىپ قېلىنغان، ھازىر شۇ جايلاردا دىنى تەۋەرۈك سۈپىتىدە ساقلىنىپ تۇردۇۋاتماقتا، بۇنى شۇ ئىبادەتخانىلارنىڭ ئۆزگە ھەرقانداق كىشىلەرنىڭ كۆرەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

شۇنىڭ بىلەن شەرقىي ئاسىيا توغرىسىدىكى باپ تۈگىدى. كېيىنكى باپتا غەربىي ئاسىيا ھەققىدە توختىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن يىراق شەرقى ئاسىيادىكى بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى ۋە ئۇنىڭ پايتەختىگە دائىر مەزمۇنلار بىلەن تولغان جەسەت ساندۇقىنىڭ ئاغزى ئېتىلدى.

3- ئېرا ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى —— مېنىڭ بۇ يەردە توختالغىنىم —— 20000 يىللار ئىلگىرى يۈز بەرگەن، ئىنجىلدا ‹ توپان بالاسى ›دەپ قەيت قىلىنغان دەھشەتلىك ئاپەتتىن بۇرۇن ئەپسانە تۈسىنى ئالغان گېئولوگىيەلىك ‹ مۇز دەۋرى ›دىن بۇرۇن ۋە يار پوستىلىقىدىن تاغلار كۆتۈرۈلۈپ چىقىشتىن بۇرۇنقى، يەنى 3- ئېرادىكى ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىدىن ئىبارەت.

214- بەتتىكى ئاددى خەرىتە بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ دائىرىسى ۋە كۆلىمىنى كۆرسىتىش مەقسىدىدە ھازىرقى جايلارغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ سىزىلدى. بۇنىڭدىن 20000 يىللار بۇرۇن بىرمۇنچە يەرلەر چۆكۈپ كەتكەن بولسا، يەنە بىرمۇنچە يەرلەر ئۆرلەپ چىققان، مەن تىنچ ئوكياندىن ئاتلانتىك ئوكيانغا قارىتىپ ئاسىيانىڭ مەركىزىنى ۋە ياۋروپانى كۆرسەتكەن بىر كۆرسەتكۈچ سىزىق سىزدىم، مانا مۇشۇ سىزىق ئىمپېرىيەنىڭ تەخمىنى مەركىزىدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ قالدۇقلىرى بالقانلىقلارئارىسىدا تېپىلىدۇ. ئەڭ چەتتىكى ئالدىنقى قاراۋۇللىرى —— ئېرلاندلار، فرانسىيەدىكى بېرېتونلار ۋە ئىسپانىيەدىكى باسكلاردۇر. ئىمپېرىيەنىڭ شىمالىي چېگرىسىنىڭ قانچىلىك ئۇزاقلارغا سوزۇلغانلىقى نامەلۇم، ئىشقىلىپ يىراق سىبىرىيەدىن قەدىمقى ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ خارابىلىرى تېپىلدى.

خەرىتىنىڭ غەربىي قىسمى جەزىملەشتۈرگىلى بولمايدىغان چېگرىسىنى كۆرسىتىدۇ، ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغان ئىككى چېگرىسى —— شەرقتە تىنچ ئوكيان ۋە جانۇپتىكى ناگا ئىمپېرىيەسىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېنىق ھالدا ياۋروپانىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ تېنچ ئوكيانغا كېڭەيگەنلىكى ياكى بولمىسا ئالدىنقى قاراۋۇللىقنى تۇرغۇزغانلىقى تېخى نامەلۇم بىر سىر. ھالبۇكى بىز ئاتلانتىك ئوكيان بويلىرىدا ئۇلارنىڭ پۇشتلىرىنى تاپتۇق، لېكىن ئۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ھېچكىم دەپ بېرەلمىدى.

قەدىمقى شەرق ھۆججەتلىرىدە بايان قىلىنىشىچە ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى ئۆز ئالدىغا خان ھۆكۈمرانلىرى بار، كىچىك خانلىق ياكى بەگلىكلەردىن تەركىب تاپقان بىر ئىمپېرىيە بولسىمۇ لېكىن ئۇ يەنە بىر ئەڭ يۇقۇرى ئىمپېراتۇر ياكى پادىشاھقا قارام بولغان، ئۇ بولسىمۇ مېتروپولىيە قۇياش ئىمپېرىيىسى مۇغا قارام بولغان. ئۆزىمىزنىڭ ھۆكۈمەت ئەندىزىمىزگە نەزەر تاشلايدىغان بولساقلا ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسىنىڭ زورىيىپ بىر قوشما شتاتقا ئايلانغانلىقىنى قىياس قىلىشىمىز تەس ئەمەس، مۇنىڭ ئۆزى بولسا شۇ چاغدىكى دۇنيادىكى بىردىنبىر قوشما شتات ئىدى.

بۇ ئەسەر ئەنگىلىيەلىك ئالىم جامېس كولونېل چېرچىۋاردنىڭ ‹غايىپ قىتئە —— مۇ ›دىگەن كىتابىنىڭ 13- بابىدىن تەرجىمە قىلىندى